# ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى

1

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تۈزگەن

# ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى

1



www.uyghurkitap.com



باش مۇھەررىر : ئابلەت ياقۇپ
مەسئۇل مۇھەررىر : مۇھەممەت ئوسمان

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن
تۈزۈلدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

重视文史工作，为建设繁荣、富裕、文明的阿瓦提服务。

蔡洪禄

一九九七年九月十七日

تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئاۋاتنى گۈللەنگەن ، باي ، مەدەنىيەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى .

سەي خۇڭلۇ

1997 - يىل 17 - يانۋار

(ئاۋات ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سەي خۇڭلۇنىڭ بېغىشلىمىسى)

ئاۋات تارىخى ئاۋات خەلقىنىڭ
ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قىلغان
كۈرەش تارىخىدۇر.
بىز تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى
ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، تەجرىبىلە
رنى يەكۈنلەپ، ئەجدادلارنىڭ ئاۋاتنى ئىسلاھ
قىلىش، بوزلۇقنى بۈگۈنكى كۈنگىچە خىزمەت
قىلدۇرۇپ، ئىشتىياق باغلىغان، تەرەققىي
قىلغان، گۈللەنگەن ئاۋات قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى.

مەتتىمىن شايىدىن

1996.12.25

(ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى مەتتىمىن شايىدىننىڭ بېغىشلىمىسى)

تارىخ ئۆتكەن ئىنسانىيەت پائالىيەت ھادىسىلىرىنىڭ

مۇجەسسەملەنگەن ئامبار [illegible] بولغان، ئۇنىڭدىن ئالىمىز-

بىلىمىز - [illegible] دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئارا-

ھەرىكەت [illegible] ئىلگىرى ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى بىز-

بىز ئىگەرە زۆرۈر سەھمان باغلاپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ [illegible] ئىجابىي پايدىلىنىش مەسۇ-

[illegible] ماددىي ھەرىكىتىمىز

[illegible] ئۇنى ھەز-

مەت قىلدۇرۇش، [illegible]

[illegible]

ئابلەت ياقۇپ

(جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر ئاۋات
ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ياقۇپنىڭ بېغىشلىمىسى)



ئاۋات ناھىيلىك پارتكوم شۇجىسى سەي خۇگلۇ



ئاۋات ناھىيلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى مەمتىمىن شايدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ياقۇپ



مەزكۇر كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ، تەتقىقاتچى
مۇھەممەت ئوسمان



مەزكۇر كىتابنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى : (سولدىن ئوڭغا ) ئابلا كېرەم (سىياسىي كېڭەش ئىشخانا مۇدىرى ) ، ئابلەت ئىسرائىل (سىياسىي كېڭەش كادىرى ) ، ئەيسا ئەرشىدىن (سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى ) ، ئابدۇرېھىم سېيىت (سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسى ) ، ئابلەت ياقۇپ (سىياسىي كېڭەش رەئىسى ) ، ۋاڭ پېيلىڭ (سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسى ) ، رۇستەم ئوسمان (سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسى ) ، مۇھەممەت ئوسمان (تەتقىقاتچى)

www.uyghurkitap.com









ئاۋاتنىڭ قۇم ئاستىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى



ئابدۇراخمان موللا ھاجى



ھاشخان موللا ئىبراھىم



ئەھمەد نىياز



داۋۇت ساۋۇت



ئابدۇۋەلى ئەيسا



توختىنىياز مەسۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەردار گۇمبىزىدىكى ياغاچ قەبرە



ئەختەم بۇزۇرگاھ



ئوتتۇز كېمە خارابىلىقى



بەگلىك ئۆي خارابىلىقى





هاشىر بەگ ئائىلىسىدە ساقلانغان 1600 - يىللاردىكى كۆڭلەك

هاشىر بەگ ئائىلىسىدە ساقلان-
غان 1600 - يىللاردىكى بادام
گۈللۈك قىرىم خۇرجۇن



خەلپەملىك ئۈۋچى بوۋاي ئەمەت مەمەتئېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# « ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى » (1) نىڭ تەھرىر ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى : **سەي خۇڭلۇ** (ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : **مەمتىمىن شايىدىن** (ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)

**ئابلەت ياقۇپ** (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ رەئىسى)

**لۇگوشىڭ** (ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى ، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى )

**ۋاڭ پېيىڭ** (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**ئابدۇرېھىم سېيىت** (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**رۇستەم ئوسمان** (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**قۇدرەتتۇللا ھاجىم** (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

تەھرىر ھەيئەتلىرى : ئەيسا ئەرشىدىن (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى)
ئابلا كېرەم (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتى ئىشخانا مۇدىرى)
پەن خۇيتاڭ (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئىشخانا مۇئاۋىن مۇدىرى )
جاڭ چۈەن (ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى )
ئابلەت ئىسرائىل (ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ كادىرى )

باش مۇھەررىر : ئابلەت ياقۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر : مۇھەممەت ئوسمان (تەتقىقاتچى )

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئاۋات ناھىيىسى دولانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن تۇتاش، مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوخشاش، خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىر بولسىمۇ، بۇلار ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئايرىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا رايونلار پەرقى كېلىپ چىققان. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ناھىيىمىزنى ئالساق، ھازىرغىچىلىك تارىخى مۇجمەل، ئوخشىمىغان پەرەزلەر كۆپ بولۇپ كەلدى. مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىشلەر كۆپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشى بىلەن، ھازىرقى ۋاقىتتا دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىل شېۋىلىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەتلىرى ئاساسەن تۈگەپ، دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى.

شۇڭلاشقا، ئەجدادلارنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىپ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان راھەتلىك كۈنلىرىمىزدە تارىختىكى ئۆتكەن جاپالارنى ئۇنتۇماسلىق، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ بۇرۇنقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت

قىلدۇرغان، ئۆتمۈشنى چۈشىنىپ دەۋرىمىزنىڭ قەدرى ـ قىممىتىگە يەتكەن هالدا، هەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ئاۋات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، كىتابىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا ئاۋاتنىڭ يۇرت بولۇشقا باشلىغىنىدىن تارتىپ تاكى 1950 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋرلەردىكى ئاۋاتنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ ماقالە ۋە ئەسلىمىلەر ئاۋات ناهىيىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئاۋات خەلقىنىڭ ئۆتمۈش هاياتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش بىلەن، ئاۋاتتا يۈز بەرگەن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت مۇهىم ۋەقەلەر ئۈستىدىمۇ چۈشەنچە بېرەلەيدۇ. جۈملىدىن، بۇ كىتابتا تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت يېڭى مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ، تارىختىكى بىر قىسىم بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ.

گەرچە، بىز بۇ كىتابنى ئىشلەشتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولساقمۇ، يېزىلغان ماقالىلەر ئاز، تارىخىي يازما مەنبەلەر قىس بولۇشتەك هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم كەمچىلىك ـ خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىنىدىغان قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل ئىشلىنىشى ئۈچۈن كەسىپ ئەهلىلىرىنىڭ تەنقىد ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇهەررىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ..................
مۇھەممەت ئوسمان (1)
1 . ئاۋات ناھىيىسى ۋە « ئاۋات » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ........................................ (1)
2 . ئاۋات خەلقى ........................................ (26)
3 . ئاۋاتلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرى .......................... (30)
4 . ئازادلىقتىن بۇرۇنقى بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى ............ (35)
5 . ئاۋات دىيارىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار ........................................ (54)
6 . مىنگو دەۋرىدىن ھازىرغىچە قەدەر بولغان مەزگىلدىكى ئاۋاتنىڭ جىسا ، شائىي ، ھاكىملىرى ........................................ (83)
106 يىللىق ئۆمۈردىن ئەسلىمە ........................................
ھاشىخان موللا ئىبراھىم (92)
1946 ـ يىلىدىكى سايلام ۋەقەسى ........................................
مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ (156)
ئاۋات خەلقىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئادەتلىرى ........................
ئابلەت ئىسرائىل (175)
ئاۋات خەلقىنىڭ بەزى ئادەتلىرى ...ئەيسا ئەرشىدىن (187)
گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ ئاۋاتتىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ........................ئابدۇراخمان موللا ھاجى (193)

ئاۋات ناھىيىسىدىكى دوكەي قاتارلىق ئۆتەڭلەردە
گومىنداڭنىڭ ھەربىي تەمىنات پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ...
..........ئابدۇراخمان موللا ھاجى (198)
ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مائارىپ قۇرۇلۇشى ......
..........ئابدۇۋەلى ئەيسا (203)
ئاۋاتتا « شۆتاڭ » نىڭ قۇرۇلۇشى ..........
..........ئابدۇراخمان موللا ھاجى (207)
ئابدۇنىياز ۋەقەسىدىن ئەسلىمە ......ئابدۇۋەلى ئەيسا (209)
مۆيدىن تۇەنجاڭنىڭ قەتلى قىلىنىشى توغرىسىدا ..........
..........ئابدۇۋەلى ئەيسا (214)
گومىنداڭ ئاقسۇ 65 ـ لۈيىنىڭ تاپشۇرۇقى توغرىسىدا
ئەسلىمە ..........ئەھمەد نىياز (220)
11 بىتىمنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئاۋات ۋەزىيىتى ..........
..........ئەھمەد نىياز (225)
1937 ـ يىلى ھادى ھاجىنىڭ ئەسكەر ئېلىش ۋەقەسى ......
..........ئەھمەد نىياز (228)
ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ ئاۋاتتىن كېتىشى ..........
..........ئەھمەد نىياز (232)
1942 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلام
نەتىجىسى توغرىسىدا .......... ئەھمەد نىياز (236)
1937 ـ يىلدىكى جەڭ مەيدانىدىن كۆرگەنلىرىم ..........
..........داۋۇت ساۋۇت (241)
گومىنداڭنىڭ دوكەي قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي

تەمىنات پونكىتلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە ......................
..........................................توختىنىياز مەسۇم (246)
تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى ..............(250)

# ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى

مۇھەممەت ئوسمان

## 1 . ئاۋات ناھىيىسى ۋە « ئاۋات » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئاۋات ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ بىرى ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق ، پاختىچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

جۇغراپىيىلىك ئورنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ . ۋىلايەت بىلەن ئارىلىقى 72 كىلومېتىر ، ئۈرۈمچى بىلەن ئارىلىقى 1086 كىلومېتىر بولۇپ ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان . بۇ ناھىيە ئاقسۇ دەرياسى ، قەشقەر دەرياسى (قارا قىرچىن دەرياسى ) ، يەكەن دەرياسى ، خوتەن دەرياسى قوشۇلۇپ ئاقىدىغان رايون بولۇپ ، شەرق ۋە شىمال تەرىپى ئاقسۇ ناھىيىسى بىلەن ، غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپى كەلپىن ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ . جەنۇبىي تەرىپى تەكلىماكان

www.uyghurkitap.com

قۇملۇقى ئارقىلىق لوپ، قارىقاش ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

شەرقتىن غەربقىچە ئەڭ كەڭلىكى 150 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە ئەڭ ئۇزۇنلۇقى خوتەن تەرەپ بىلەن 297 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇب تەرىپى مارالبېشى چېگرىسى بىلەن 185 كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە كۆلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە ھېسابتىكى تۈز سىزىق دائىرىسى: شەرقتىن غەربقىچە كەڭلىكى 105 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 155 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تىزمىلىرىدىن چىقىدىغان كەلكۈندىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى تىندۇرما بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئۆزئارا تۇتىشىپ كېتىدىغان جايدا بولۇپ، غەرب، شىمال تەرەپلىرى ئېگىز، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرى پەس. شىمالىي قىسمىدا ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى تىندۇرما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمىدا تەكلىماكان قۇملۇقى بار. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1020 مېتىردىن 1057 مېتىرغىچە ئېگىز.

ناھىيە بازىرى تارىختا «قۇمباش دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئاقسۇ كونا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرىدىكى دولان مەھەللىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىغا جايلاشقان بولۇپ، بازارنىڭ شىمالىي تەرىپى «يۇقىرىقى دولان»،

جەنۇبىي تەرىپى « تۆۋەنكى دولان » دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاۋاتنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى پۈتۈنلەي قەدىمكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئارىلىرىغا جايلاشقان، شىمالدىن جەنۇبقا تاناپتەك سوزۇلغان نۇرغۇن ئېقىن ئورنى بار. بۇ ئېقىنلارنىڭ ئورنى بەزىلىرى (چوڭقۇرلىرى) جىلغا سۈپىتىدە، بەزىلىرى (لايداپ كەتكەنلىرى) سازلىق سۈپىتىدە بولۇپ، ئېقىنلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئارالچىلارنىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولغانلىقتىن دېھقانلار ئورۇنلىشىپ مەھەللىلەر شەكىللەنگەن. ھەر بىر ئارالچى بىر ئايماققا مەنسۇپ بولۇپ، زېمىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماستىن، ئېقىن ئورنىنى پاسىل قىلىش ئاساسىدا شۇ ئارالچىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر ئايماق خەلقى باشقۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى ئايماق ـ مەھەللىلەر قول بارماقلىرىدەك بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ، تىزىپ قويغاندەك شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ تۇرىدۇ.

### ئاۋاتقا كەلگەن تۈنجى كۆچمەنلەر

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بۈرۈنقى ئورنى ھازىرقى يەر يۈزىدىن بىر قانچە مېتىر پەس، يۇلغۇنلۇق جاڭگال بولۇپ، ئاقسۇ دەرياسى ئەسلىدىكى ئورنىنى تاشلاپ داۋاملىق شەرقىي ئويمانلىققا يۆتكىلىپ، ئاۋاتنىڭ ئورنى بىلەن

ئاقىدىغان بولۇپ قالغان زامانلاردا، چوڭقۇر سۇ ئاستىدا قېلىپ، ئۇيمانلىقنىڭ ھەممىسى ناھايىتى كەڭرى كۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىرقى «ئۆژمە» كەنتى ئەتراپىدا دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ماكانلىشىپ مەھەللە سۈپىتىدە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن دولانلىقلارنىڭ «قوۋۇۋە»، «قوبۇغا»، «ئارايماق» دېگەن مەھەللە خەلقلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مەھەللە بولمىغان.

ئاۋاتنىڭ ئورنى بولسا، ئۇزاق يىللار داۋامىدا سۇ ئاستىدا تۇرۇپ، يەر يۈزى لاي ـ لاتقىلار بىلەن تىنىپ، بارغانسېرى سۇنىڭ ئېقىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراش نەتىجىسىدە پەسرەك جايلارنى بويلاپ ئېقىپ، كەڭ لايدانلىقلارنىڭ دائىرىسىدە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ بىر قانچە ئۇنلىغان ئېقىن ـ جىلغىلار ھاسىل بولغان. بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئاقىدىغان بۇ جىلغىلارنىڭ (ئېقىنلارنىڭ) ئارىلىقىدا قۇرۇقلۇق ھاسىل بولۇپ تەبىئىي ئارالچىلارنى پەيدا قىلغان. سۇ ئارقىلىق ئېقىپ كېلىپ پېتىپ قالغان ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقلىرى ئۈنۈپ، ئاراللاردا توغراق ۋە ھەر خىل يىپىنچا ئورمانلار ئۆسۈپ بوستانلىققا ئايلانغان. تەخمىنەن X V ئەسىرلەردە ئەسلىدە دەريا ئاستىدا تۇرغان بۇ جاي، يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە ئەپچىل ماكانغا ئايلىنىپ، كۆپلىگەن ئەۋزەللىكلەر بارلىققا كەلگەن.

بۇ مەزگىللەردە ئاقسۇنىڭ جەنۇبىي پاسىلى ئاقسۇ دەرياسى (ھازىرقى كونا دەريا) بىلەن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدە يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، خوتەن دەرياسى ۋادىلىرىغا ماكانلىشىپ راسا روناق تاپقان دولانلىقلارنىڭ ئىگىلىك دائىرىسى ھەر تەرەپكە كېڭىيىپ، شىمال تەرەپتىن قارا قىرچىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئاۋاتنىڭ «ئۆزمە» (قۇۋۋە، قوبۇغا، ئارايىماقتىن ئىبارەت ئۈچ كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە، بىر تەرىپى ئەلەمقۇدۇقنىڭ «دولان كۆتەمىسى» دېگەن جايىغىچە يەتكەن. بۇ چاغلاردا شىمالىي تەرەپتىكى ئاقسۇ رايونى خەلقلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ دولان زېمىنىغا تەۋە يېڭى بوستانلىقنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دولان بېگى ئۆز خەلقىدىن (دولانلىقلاردىن) 24 ئائىلىلىك دولانلىق دېھقاننى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ھازىرقى ئاۋات بازىرىنىڭ ئورنىدىكى دەريا بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ خەلقىنى دولان زېمىنىغا كىرگۈزمەستىن، ئۆزىنىڭ چېگرا پاسىلىنى قوغداش بىلەن، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن ئۆز كۈنىنى ئېلىشقا قويغان. بۇلار شۇندىن باشلاپ يەر ئېچىپ مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ جاي ئەزەلدىن جەنۇبىي شىنجاڭ سودا يولىنىڭ ئاقسۇدىن چىقىپ مارالبېشى بىلەن قەشقەرگە ۋە خوتەنگە ئايرىلىدىغان يول ئۈستىدىكى جەزمەن بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان ئۆتەك بولغانلىقتىن، يولۇچىلارنىڭ بۇ مەھەللىنى چۈشكۈن قىلىپ، ئوزۇق ــ تۈلۈك، ئوت ــ سامان بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلانغان. يولۇچىلار بىلەن يەرلىكلەر ئارا ئېلىم ــ سېتىم بارلىققا كېلىپ، بازار سودىسى شەكىللەنگەن. كىشىلەر بۇ جاينىڭ نامىنى دولانلىقلارنىڭ نامى بىلەن «دولان مەھەللىسى» دەپ ئاتىغان.

### ئاۋات زېمىنىنىڭ دولانلىقلاردىن بولۇنۇپ، ئاقسۇغا قوشۇلۇپ كېتىشى

ئاۋات ئەزەلدىن دولانلىقلار ياشاپ كەلگەن، شۇلار تەرىپىدىن گۈللەندۈرۈلگەن ماكان بولسىمۇ، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دولان يۇرتىدا يۈز بەرگەن مۇھىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دولانلىقلار ئاۋات تەرەپكە قارىيالماس بولۇپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبلىرى:

بىرىنچىدىن، دولانلىقلار يۇرتىنىڭ سۇ مەنبەيى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن دەريالىرى قاتارلىق بىر قانچە دەريالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى داۋاملىق ئېقىپ تۇرىدىغان ئاقسۇ دەرياسى ئىدى. ئاقسۇ دەرياسى، غەرب تەرەپ بىلەن ساي بويلاپ ئېقىپ ئايىغى قەشقەر دەرياسىغا قوشۇلۇپ، كەلكۈن ۋاقىتلىرىدا تاشقىن سۇلار يەكەن دەرياسىغا كىرەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن

شورلۇق قىنىپ، دولان يۇرتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەريا تىنىپ، ئەسلى ئورنىنى تاشلاپ شەرقىي ئويمانلىققا قاراپ بىر قانچە قېتىم كۆچۈش جەريانىدا دەريا يىراقلىشىپ كېتىپ سۇ مەنبەيى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دولانلىقلارنىڭ مەركىزىي دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، داۋاملىق تۇرۇش ئىمكانىيىتى تۈگىگەن. نەتىجىدە ئۇلار سۇ قوغلىشىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە يۆزلىنىپ، مارالبېشى تەرەپكە كېلىگەن. ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى قاقاس جاڭگالغا ئايلىنىپ، دولانلىقلار ئىگىلەپ تۇرغان شىمالىي رايون (ئاۋاتنىڭ ئەتراپى) بەك يىراقلىشىپ كەتكەن.

ئىككىنچىدىن، دولانلىقلار يۇرتى، ئاقسۇ بىلەن جەنۇبىي شەھەرلەر ئارىلىقىدىكى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يول ئۈستى بىر جاي بولۇپ، ئەينى ۋاقتىدىكى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يېغىلىقلار داۋامىدا دولان خەلقى بۇلاڭچىلىق ۋە ھەر خىل زۇلۇملارغا ئۇچراپ تۇرۇش نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر قەدەر ئاجىزلاشقان. ئۆزلىرىمۇ زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئاقىۋەتتە بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى ھەر تەرەپكە كېڭىيىش ۋەزىيىتى ئۆزىنى قوغداشقا ئۆزگەرگەن. شىمال تەرەپتىكى دولان مەھەللىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بولسا، كارى بولمىغان.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت ئاقسۇنىڭ دولان تەۋەلىكىگە كىرىۋېلىشىدىكى ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەت بولغان. ئاقسۇنىڭ دولانلىقلارغا قوشنا رايونلىرىدىن بەشئېرىق، قۇمباش، ئايكۆل يېزىلىرىدىكى بىر تۈركۈم ماكانسىز كىشىلەر كۆچۈپ كەلگەن. هازىرقى ناهىيە بازىرى جايلاشقان دولان مەھەللىسىنىڭ شىمال تەرىپىنى بەشئېرىقتىن كەلگەنلەر ئىگىلەپ «بەشئېرىق مەھەللىسى» دەپ ئاتىغان. جەنۇبىنى قۇمباشتىن كەلگەنلەر ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن «قۇمباش مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. غەربىنى قاغىمۇش ۋە ئايكۆل دېگەن جايلاردىن كەلگەنلەر ئىگىلەپ، بۇلارمۇ تۇرغان جايلىرىنى بۇرۇنقى كەلگەن جايلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. شۇنداق قىلىپ ئاۋاتنىڭ ئورنىدىكى دولان مەھەللىسى XVI ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئاقسۇ رايونىنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ قالغان.

### ئاۋاتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم تارىخىي مەنبەلەر

ئاۋاتنىڭ تارىخىنى بىلىش ئۈچۈن، تارىخىي مەنبەلەردىن ئوبدان ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. هېچقانداق ئاساسى بولمىغان خىيالىي تەسەۋۋۇرلار بولسا، تارىخ

ئورنىنى ئېلىپ ھەرگىزمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاۋات تارىخىغا ئائىت تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە پاكىتلار بار.

(1) مىرزا مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى - زەيلى» دە: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان (1486 - يىلى تۇغۇلۇپ 1533 - يىلى ۋاپات بولغان) يەركەن تەختىدە (1514 — 1533) ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن بولغان كۆڭۈلدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، بىر قانچە قېتىم ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ - كېلىشى بىلەن ئاكا - ئۇكىلار كېلىشىپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدە ئۇچراشماقچى بولغان. ھىجرىيىنىڭ 922 - يىلى (مىلادىيە 1516 - يىلى) 1 - ئايدا ئاكا - ئۇكىلار بېكىتىلگەن ئورنىدا ئۇچرىشىپ، ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل ئىتتىپاق تۇرغۇزۇلۇپ كەڭ خانلىق زېمىنى بىرلىككە كەلگەن» دېيىلگەن. (ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن بايانلار» ناملىق كىتابقا ۋە «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1 - سان، 1986 - يىل، 48 - بەتكە قاراڭ).

(2) كلاسسىك تارىخچى موللا مىرسالىھ قەشقىرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق كىتابىدا: «خان نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ (سەئىدخان) ئاقسۇغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىپ، 〈 ئەربات 〉 دا ئىككى خان يۈز كۆرۈشتىلەر » دەپ يازغان. بۇ يەردىكى « ئەربات » ئاۋاتنى كۆرسىتىدۇ.

(3) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 1 ـ سان 28 بەتتە: « ئابدۇرېشىتخان دەۋرىگە (1533 ــــ 1559) كەلگەندە زور تەرەققىياتلار باشلانغان بولۇپ، شەھەر ـ بازارلار ئاۋاتلاشتۇرۇلغان. كەلپىن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، كېرىيە، چىرىيە، قاغىلىق، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرى سېلىنغان ياكى كېڭەيتىپ سېلىنغان » دېگەن مەلۇماتلار بار.

(4) مىرزا مەھمۇد جوراسنىڭ « تارىخى رەشىدى ـ زەيلى » ناملىق كىتابىدىكى «ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئاقسۇغا ئۇچىنچى قېتىم ئەسكەر ئېلىپ كېلىشى » ماۋزۇسىدىكى بايانىدا: «ئابدۇرېھىمخان 〈 قاغىمۇش 〉دېگەن يەرگە چۈشۈپ ياتتى » دېگەن مەلۇمات بار. قاغىمۇش دېگەن ئاۋات بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۇتاش بوستانلىق بىر كەنتنىڭ نامى.

(5) سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «ئامانىساخان» ناملىق تارىخىي درامىدا: « دولانلىق مەخمۇت ئوتۇنچى باشچىلىقىدا مەكىت، مارالبېشى، ئاۋاتتىن بولۇپ ئون نەپەر ۋەكىل ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي زۇلۇملار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئالدى

بىلەن ئاۋاتنىڭ ۋەكىلى: 〈 مەن ئاۋاتتىن كەلدىم، پۈتۈن ئاقسۇ يېزىلىرى خاراب بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلار، بەگ - تۆرىلەر، قازى - ئىشانلار دېھقانلارنى تالان - تاراج قىلىۋاتىدۇ، دېھقانلارنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىدى 〉 دېگەن » دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىقىدىن باشقا، ئاۋاتنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، مۇھىم يەرناملىرى ساقلانغان. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تامتوغراق يېزا تەۋەلىكىدىكى « ئۆزمە » (قۇۋۋە، قوبۇغا، ئارايماق) كەنتىدىكى ھاشىر بەگ ئائىلىسىدە XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئەجدادلىرىدىن قالغان بىر دانە كۆكلەك، خۇرجۇن، كۇلاھ قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماددىي بۇيۇم ۋە تارىخىي پاكىتلار ساقلانغان.

دېمەك، ئاۋاتقا XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دولانلىقلار ئادەم يۆتكەپ كېلىپ بۇ يەرنى گۈللەندۈرگەن. بۇ جاي دولانلىقلار نامى بىلەن « دولان مەھەللىسى » دەپ ئاتالغان. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەر ئاقسۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. « ئاۋات » دېگەن نام شۇ زامانلاردىن باشلاپ قوللىنىلغان. ئاۋاتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى ھېسابلاشتا، ئاۋات يۇرت بولغىلى 510 يىل ئەتراپىدا بولغان دەپ قەيت قىلىشقا ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاۋاتقا كېيىن كەلگەن كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەلگەن جايلىرى

ئاۋاتقا تۇنجى كەلگەن كۆچمەنلەرنى X V ئەسىرلەردە كەلگەن دولانلىقلار دەپ ھېسابلايمىز . ئەمما ، X Ⅵ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى كۆچمەنلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن دولان مەھەللىسى ئاقسۇ رايونى تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاقسۇ خەلقى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئاۋات زېمىنىغا كىرىپ ، دولان مەھەللىسى ئەتراپىدا يەنە بىر قانچىلىغان كەنتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇ زامانلاردا ئىگىسىز يەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، كەلگەن كۆچمەنلەر زىرائەت تېرىشقا ئاساسەن كۆپ ئەجرى كەتمەيدىغان قېنىق جايلارنى قوغلىشىپ ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ، داۋاملىق ئادەملەر كېلىپ ، يىلدىن ـ يىلغا يېڭى كەنت ، مەھەللەر كۆپىيىپ ، ئۇچقاندەك گۈللىنىشكە باشلىغان .

XVⅢ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بولسا ، بۇرۇنقىدەك ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مەيلى يېزىلاردىكى يەرسىز كىشىلەر بولسۇن ياكى شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق ، تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىن بولغان كەسپى يوق ئاھالىلەر بولسۇن ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇلارنى بىر تۇتاش تەشكىللەپ ، پىلانلىق ھالدا ئاۋاتقا كۆچۈرۈپ كەلگەن ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا

ئاقسۇنىڭ يابېشى، ئىلەك، ئارال، قارىتال، ئايكۆل، قۇمباش، بەشئېرىق دېگەن جايلىرىدىن، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيادىن ۋە كەلپىن ناھىيىسىدىن كېلىپ يەر ئېچىپ مەھەللە بولۇپ ئولتۇرغانلارنى ئاساس قىلىپ، يېڭى كەلگەنلىرىنى ئۆز مەھەللىلىكلىرىنىڭ كەنتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، مەھەللىلىكلىرى يوقلارنى كەلگەن جايلىرىنى ئاساس قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم يەر كېسىپ بەرگەن. كۆچمەنلەر يېڭى كەلگەن جايلىرىدا مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يېڭى جاينىڭ نامىنى بۇرۇنقى كەلگەن مەھەللىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى كەلگەن جايلىرىنى «كونا يۇرت»، يېڭىدىن ماكانلاشقان جايلىرىنى «مەھەللە» دەپ ئاتاپ كەلگەن. شەھەردىن كەلگەنلەر بولسا تۇرغان جايلىرىنى «شەھەر مەھەللىسى» دەپ ئاتىغان.

## ئاۋات بازىرى

ئاۋاتنىڭ ئورنى ئەسلىدە قەدىمكى مۇھىم يول ئۈستى «ئۆتەڭ» بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەينى زاماندا ئاقسۇدىن غەربىي شەھەرلەرگە بارىدىغان ئەسلىدىكى سودا يولى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرەپكە يۆتكىلىپ كېتىشى بىلەن يول ئۈستى قاقاسلىشىپ چۆلدەرەپ قاتناش قىيىنلاشقان. ئاۋاتنىڭ ئورنى بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

سۇ ئاستىدىن خالاس بولۇپ، سۇلىرى مول، گۈزەل بوستانلىققا ئايلانغان. نەتىجىدە بۇ جايدا قاتناش شارائىتى ئۇچۇن كۆپ خىل ئەۋزەللىكلەر بارلىققا كەلگەچكە، كارۋانلار قاتناشنىڭ بىخەتەرلىكىگە (راۋانلىقىغا) كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن، چۆللۈكنى تاشلاپ يېڭى بوستان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئاۋات ئۆتىڭى بىلەن ماڭىدىغان بولغان. دولانلىقلار دەريا بويىدىكى قاتناش ئۈستى بولغان هازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىنىڭ سىرتىدا، كارۋانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، مەھەللىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قوشۇمچە تىجارەت دۇكانلىرى بەرپا قىلىپ، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن كىچىك بازار شەكىللىنىپ، كەسپىي تىجارەتچىلەرنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ئارقىلىق دېھقانلار بىلەن تىجارەتچىلەر پەرقلىنىپ، دېھقانلار ھەرقايسىسى ئۆز يەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىپ مەھەللە سۈپىتىدە ياشىغان بولسا، تىجارەتچىلەر توپلىشىپ بازاردا ئولتۇراقلاشقان. ئاۋات بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تۆرىلىشى بولۇپ، XV ئەسىرنىڭ

ئاخىرلىرىدا « دولان مەھەللىسى » خەلقلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. تەدرىجىي بازار كېڭەيگەنسېرى دولان مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆزۈپ ئىككى پارچە قىلىپ، بازارنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى « يۇقىرىقى دولان »، تۆۋەنكى تەرىپى « تۆۋەنكى دولان » دەپ ئىككى كەنتكە بۆلۈنگەن. دولان مەھەللىسى دولانلىقلار بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەھرۇم بولۇپ ئاقسۇ تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىن كەلگەن كۆچمەنلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن نوپۇس كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياج بازار تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تارىخىي ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 1 ـ سان 28 ـ بەتكە قاراڭ) ئابدۇرېشىتخان دەۋرى (1533 ـــ 1559) گە كەلگەندە ئاۋات بازىرى ئالاھىدە كېڭەيتىپ سېلىنغانلىقىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) دەۋرىگە كەلگەندە 1867 ـ يىلى ئاقسۇ ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن كۇچارغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ ئۆزىنىڭ قوقەندىن بىرگە ئېلىپ چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

يېقىن ئادىمى مىراۋلاغوجا قوقەندى ① دېگەن كىشىنى مەيلى يەر شارائىتى جەھەتتە بولسۇن، ياكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى جەھەتتە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم بولغان يول ئۈستى ئېغىزىدىكى ئاۋاتتا تۇرۇپ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن قاراۋۇللۇق (يول توسۇش) ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بۇيرىغان. مىراۋلاغوجا نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن ئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. مۇشۇ جەرياندا ئۆيسىز ئاھالىلەرگە ئۆي ئورنى كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنە سودا دۇكانلىرى، سودا سارايلىرى ئۈچۈن ئورۇن كۆرسىتىپ بەرگەن. مۇشۇ پۇرسەتتە يېزا فېئوداللىرىمۇ بازارغا كىرىپ ساراي ئورنى تۇتۇپ،

---

① مىراۋلا غوجا بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) نىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ، ياقۇپ بەگ ئۇنى شىنجاڭغا قوقەندىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن. دەسلەپتە ئۇنى ئۆزىگە «بوچى (شەخسىي ئاشپەز)» قىلغان. كېيىن ئىشەنچلىك دەپ قاراپ ھەربىي مەنسەپ بەرگەن. ياقۇپ بەگ ئاقسۇغا كەلگەندە مىراۋلا غوجىنى بىر قوشۇن بىلەن ئاۋاتقا ئەۋەتىپ يول توستۇرغان. ئۇ ئاۋاتتا ئۇزاق تۇرغان. ياقۇپ بەگ ئۆلۈپ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چىڭ قوشۇنلىرى كەلگەندە مىرۋلاغوجا قوقەندىن بىرگە ئېلىپ چىققان ئوغلى مۇسا بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇچرىشالماي كېتىپ قالغان. ئوغلى چىڭ قوشۇنلىرىدىن يوشۇرۇنۇپ، ئىلەك كەنتىدىكى ئىبراھىم مىراپنىڭ ئۆيىدە پاناھلانغان. «تەسكەن» دېگەن جايدا ئۆي تۇتۇپ، ئوسمان، ئەختەم، رۇستەم، مەمەك، توختىنىياز، ساۋۇت دەپ ئالتە ئوغۇل پەرزەنت، نىيازخان، كەنجىخان دەپ ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن. بالىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن ياشاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى قالغان.

ئون بەش نەپەر باي، زەردارلار ھەرقايسىسى بەس ـ بەس بىلەن 50 ئېغىزدىن 100 ئېغىزغىچە قەدەر ياتاق ۋە ئىسكىلاتلارنى سېلىپ، بازارنىڭ كېڭىيىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھەر بىر دەڭ (دەن ) نىڭ ئورنى 20 مو ئەتراپىدا بولۇپ، سارايغا يانداش باغ ئورنىمۇ بېرىلگەن. يەنە مەخسۇس خوتەن سارىيى دەيدىغان ھەشەمەتلىك سارايلارمۇ بولغان. ئاۋات بازىرىنىڭ كېڭىيىشكە باشلىغان مەزگىللىرى نوپۇسى كۆپىيىپ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى راسا روناق تاپقان زامانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بازار كوچىلىرى رەتلىنىپ، كۆپلىگەن ئاشپۇزۇل، ناۋايخانا، ئىستېمال دۇكانلىرى بارلىققا كەلگەن. بازار باشقۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆمۈرچى كوچىسى، قاسساپ بازىرى، ياغچى كوچىسى، كۆنچى مەھەللىسى، سودىگەر كوچىسى دەپ بىر كەسىپتىكىلەرنى ئاساس قىلىپ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان. بۇلاردىن باشقا يېزىلاردىن كېلىپ سودا قىلىدىغانلار ئۈچۈن پاختا بازىرى، يىپ بازىرى، موزدۇز بازىرى، ئاشلىق بازىرى، باققال بازىرى، چارۋا ـ مال بازىرى دېگەندەك كۆپ خىل بازار بارلىققا كەلگەن. بازار قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئىككى چوڭ كوچا، غەربتىن شەرققە قاراپ بىر قانچە ئون خالتا كوچىلار قۇرۇلغان. بازارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قازىلاردىن باشقا، پاششاپ

قويۇلغان. ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) دەۋرىگە كەلگەندە يېزا بىلەن بازارنى ئايرىپ باشقۇرۇپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتكەن. يېزىلارنى مىراپ، كۆكبېشى ۋە بەگلەر ئارقىلىق، بازارنى بازار بېگى، ئاقساقاللار ئارقىلىق باشقۇرغان، يېزا بىلەن بازارنىڭ ئومۇمىي ھوقۇقى قازى، پاششاپ، خاكتۇنىڭ قولىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ياقۇپ بەگ قولىدىن قايتۇرۇۋالغاندىن باشلاپ، ئاۋات ئاقسۇنىڭ ئايرىم بىر رايونى بولۇپ باشقۇرۇلغان.

1912 ــ يىلى (مىنگونىڭ 1 ــ يىلى) ئاۋاتتا بىر جىسا پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، تەۋەلىكىنى ئۈچ رايونغا بۆلۈپ باشقۇرغان. 1922 ــ يىلى (مىنگونىڭ 11 ــ يىلى) 6 ــ ئايدا ئاۋات شۆبە ناھىيە دەپ تەسىس قىلىنغان. 1930 ــ يىلى (مىنگونىڭ 19 ــ يىلى) 1 ــ ئايدا رەسمىي ناھىيە بولۇپ، 3 ــ دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ بېكىتىلگەن. يېزىلىرىنى يەنىلا ئۈچ رايونغا بۆلۈپ باشقۇرغان. 1949 ــ يىلغا كەلگەندە ئاۋاتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بازار نوپۇسى 3600 گە يەتكەن. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 239 مىڭ 500 موغا يەتكەن. مارالبېشى تەرەپتىكى چېگرىسى «ياقوتان»، «گۇمبەز قۇدۇق» دېگەن جايغا، خوتەن تەرەپتىكى چېگرىسى «بۆكسەم» دېگەن جايغا يېتىپ، نەچچە ئون مىڭ مو تەبىئىي توغراقلىق، يېپىنچا ئورمان ۋە يايلاقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەنىلا ئاۋۋالقى بويىچە ئۈچ رايونغا ئايرىپ باشقۇرۇلغان. 1953 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ يېڭىئېرىققا قاراشلىق ئۆژمە دېگەن جايىنىڭ «قۇۋۋە، قوبۇغا، ئارايماق» دېگەن ئۈچ كەنتى ئاۋات ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1958 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق، يېڭىئېرىق رايونلىرى ئاۋاتقا قوشۇپ بېرىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئاۋات بىر بازارلىق ھۆكۈمەت، بەش رايوندىن تەركىب تاپقان. نوپۇسى 67 مىڭ 383 كىشىگە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 399 مىڭ 400 موغا يەتكەن. 1988 ـ يىلغا كەلگەندە ئائىلە سانى 28 مىڭ 411 گە، نوپۇسى 132 مىڭ 967 كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بازار نوپۇسى 21 مىڭ 523 كىشىگە يەتكەن. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بولسا، 489 مىڭ 900 مو بولغان. 1989 ـ يىلغا كەلگەندە بىر بازارلىق ھۆكۈمەت، ئۇنىڭ قارمىقىدا 11 ئاھالىلەر كومىتېتى، يەتتە يېزىلىق ھۆكۈمەت، 115 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 475 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىككى چارۋىچىلىق مەيدانى، ئىككى ئورمانچىلىق مەيدانى بارلىققا كەلدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدىن باشقا يەنە، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆكلەپ تۇرۇۋاتقان 450 مىڭ مو تەبىئىي توغراق

ئورمانلىقى، ئىككى مىليون 540 مىڭ مو تەبىئىي يايلاق ساقلىنىپ كەلگەن.

1989 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر ئاۋات تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. يەكەن دەرياسىنىڭ مارالبېشىدىن توسۇلۇپ كېتىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان تەبىئىي توغراق ئورمانلىرى ۋە يېپىنچا ئورمانلار قۇرۇپ كەتتى.

ھازىر بۇ ناھىيىدە 1996 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەمىنلىگەن سان بويىچە ئېيتقاندا: بىر بازارلىق ھۆكۈمەت، ئۇنىڭ قارمىقىدا 12 ئاھالىلەر كومىتېتى، يەتتە يېزىلىق ھۆكۈمەت، 117 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 477 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، ئۈچ دېھقانچىلىق مەيدانى بار. ئومۇمىي نوپۇسى 161 مىڭ 948 كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 27 مىڭ 42 كىشىدىن ئىبارەت. تەبىئىي توغراق ئورمىنى 194 مىڭ مو، تەبىئىي چاتقاللىق ۋە يايلاقلار 980 مىڭ مو كېلىدۇ. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 537 مىڭ 717 مو، يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان بىنام يەر نەچچە ئون مىڭ مو كېلىدۇ.

### «ئاۋات» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

«ئاۋات» دېگەن نام «رەبات» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئاۋاتنىڭ ئورنى يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆتەڭ، قونالغۇ ئىدى. «رەبات» سۆزى ئەرەبچە

قونالغۇ، ئۆتەڭ، كارۋان سارىيى، لەڭگەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى بەزى ئۆتەڭلەر «رەبات» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇنداق ئاتاش كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. تاۋۇشلاردىكى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە «رەبات» سۆزى كېيىنچە «ئەربات» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئەربات»، «ئاربات» دەپ ئاتالغان. تەدرىجىي هالدا تاۋۇشلاردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق «ئاربات» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ر» هەرپى چۈشۈپ قېلىپ، «ئابات» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئەسلىدىكى ئۆتەڭ، قونالغۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن «رەبات» سۆزى ئىستېمالدىن قېلىپ، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق «ئابات» قا، ئاخىرىدا گۈللەنگەن، مەمۇرچىلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئاۋات» قا ئۆزگەرگەن.

### ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېزا بازارلىرى

**1. غوروچۆل بازىرى**

غوروچۆل بازىرى — ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئورنى غوروچۆل دولان مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاۋات بازىرى بىلەن ئارىلىقى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ جاي ئاقسۇدىن چىقىپ خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئۇستىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. يولۇچىلار قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر غوروچۆل بازىرىغا مۇقەررەر چۈشۈپ ئۆتىدۇ.

غوروچۆل يېزىسىنىڭ ئورنى قەدىمكى زامانلاردا دولانلىقلارنىڭ ئىلكىدىكى جاي بولۇپ، بۇ ئەتراپتا دولانلىقلار ياشاپ كەلگەن. كېيىنكى زامانلاردا غوروچۆلنىڭ ئورنىدا دولانلىقلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، مەھەللە شەكىللەندۈرگەن. دولانلىقلار تەرىپىدىن گۈللەندۈرۈلۈپ، شەكىللەندۈرۈلگەن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «دولان مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. دولان مەھەللىسىنىڭ قويىنىغا جايلاشقان بۇ ئۆتەڭ بازىرىدا جۈمە كۈنى بازار بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئازنى بازار» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئەمما، غوروچۆل بازىرى بىر ئۆتەڭ بازىرى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى قوشۇمچە تىجارىتىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، بازار ئانچە تەرەققىي قىلالمىغان.

بازار دائىرىسى بىر چەكلىمىدە تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ بازار ئۆتمۈشتە ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، ئازنى كۈنلىرىدە ناھىيە بويىچە ئادەملەر يىغىلاتتى. ھېيت كۈنلىرىدە ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن بۇ بازار ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ھەر بازار كۈنى چېلىش بولاتتى. بازارغا بارغىچە، كەلگىچە ھارۋا ياندىشتۇرۇش مۇسابىقىسى قىزىپ

كېتەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايونلۇق ھۆكۈمەت، تەمىنلەش كوپېراتىپلىرى سېلىندى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ياتاق سېلىندى. كۆپلىگەن سودا دۇكانلىرى، بوتكىلار قۇرۇلۇپ، ھەپتىدە بىر كۈن ئەمەس، بەلكى دائىملىق بازارغا ئايلاندى. ھازىر بۇ يەردە ھەر كۈنى ئاشخانا، ناۋايخانا، سودا دۇكانلىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا كەلسە، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ھازىر بۇ بازارنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، بازار ئىچىدە ناھىيىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ شۆبىلىرى بار. ئاقسۇدىن خوتەنگە ماڭىدىغان تىجارەتچىلەر ھازىرمۇ غوروچۆل بىلەن ماڭىدۇ. بازار كوچىلىرى رەتلىك، يوللىرى ئاسفالت، چىرايلىق سېلىنغان رەتلىك ئۆيلەر بازار قىياپىتىنى كۆركەملەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھازىر بۇ بازاردا شەھەر نوپۇسىدىكى ئائىلە 466 بولۇپ، ئادەم سانى 1900 نەپەرگە يەتكەن.

### 2. يېڭىئېرىق بازىرى

يېڭىئېرىق بازىرى ــ ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاۋات بازىرى بىلەن ئارىلىقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. بازار ئىچىگە يېڭىئېرىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىلىرى ۋە ناھىيىدىكى ئىدارىلەرنىڭ شۆبىلىرى جايلاشقان.

يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئاۋات بازىرى بۇ جايغا يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدا قەدىمدىن بىر بازار ساقلىنىپ كەلگەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يېڭىئېرىق ئەينى زامانلاردا ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، بازارلىرىمۇ ئاقسۇ تەۋەلىكىدىكى چوڭ بازارلارنىڭ بىرى ئىدى. مىرزا مەھمۇد جوراس يازغان مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر «تارىخى رەشىدى ـ زەيلى» دە: «ئابدۇللا خان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن (1639 ـــ 1652ـ يىللار)، ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىنى ئابدۇساتتار بەگكە بەردى. ئۈچ (ئۇچتۇرپان) ھاكىملىقىنى مىرزا كۆچەك بەگ جاراسقا، كەلپىن، يېڭىئېرىق ۋە قورۇل پوسۇت ھاكىملىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاقسۇ ھاكىملىقى بىلەن تەڭ دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ھاجى بەگكە يارلىق قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. دېمەك، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يېڭىئېرىق ئاقسۇ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك جاي بولغاچقا، بازارلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان.

كېيىنكى زامانلاردا بولسا، يېڭىئېرىق ئاقسۇنىڭ بىر رايونىغا ئايلىنىپ قالغان، بازارمۇ بارغانسېرى خارابلىشىپ كىچىككىنە دائىرىدە قالغان. ھازىرقى ۋاقىتتا ھەرقايسى

ئىدارىلەرنىڭ شۆبە ـ تارماقلىرى قۇرۇلۇپ بازار دائىرىسى بىر قەدەر كېڭەيگەن. بازار خەلقى دېھقانلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، سەككىز كۈندە بىر قېتىم يەنى چارشەنبە كۈنى ناھايىتى مول بازار بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن تىجارەتچى سودىگەرلەر كېلىپ سودا ـ سېتىق قىلىدۇ. بۇ بازاردا تۇراقلىق ئائىلە 387، شەھەر نوپۇسى 993 نەپەرگە يەتكەن.

### 3. بەشئېرىق بازىرى

بەشئېرىق بازىرى ــ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى بىر بازار بولۇپ، ئورنى ئاۋاتتىن ئاقسۇغا بارىدىغان قارامای يولىنىڭ ئۈستىدىكى بەشئېرىق كەنتىگە جايلاشقان. ئاۋات بازىرىدىن 18 كىلومېتىر يىراق بەشئېرىق يېزىسىغا قاراشلىق بولىدۇ.

بەشئېرىق يېزىسى ئاقسۇغا قاراشلىق ناھايىتى قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «بەشئېرىق» دېگەن نامدىن باشقا «كونا يۇرت» دېگەن نامىمۇ بار. بەشئېرىق يېزىسى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 54 كىلومېتىر يول بولۇپ، دېھقانلار بىر كۈندە ئاقسۇغا بېرىپ سودىلىرىنى قىلىپ قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ بەشئېرىقنىڭ ئۆزىدە بازار قىلىپ، سودا ـ سېتىقلىرىنى قىلىپ كەلگەن. ھەپتىدە بىر قېتىم سەيشەنبە كۈنلۈكتە بازار قىلغاچقا، «سەيشەنبە

بازار » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان . ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بۇ
بازار ئانچە كېڭىيىپ كېتەلمىگەن . 1958 ـ يىلى بۇ يېزا
ئاۋات ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ بېرىلگەندىن كېيىن ، يېزا
دەرىجىلىك ئىدارە ـ جەمئىيەت تارماقلىرىنىڭ كۆپلەپ
قۇرۇلۇشى بىلەن بازار خېلى كېڭىيىپ قالغان . سودا ـ
سېتىقلىرى كۆپەيگەن . ھەر كۈنى تىجارەت بولۇپ
تۇرىدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن .

بۇ يەردە بازار كۈنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن چار
بازارچىلار كېلىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .
ئادەملەر ناھايىتى كۆپ يىغىلىدۇ . چوڭ بازارلارغا ئوخشاش
ھەممە سودا ـ سېتىق بولۇپ تۇرىدۇ .

بەشئېرىق بازىرىنىڭ قۇرۇلغان دەۋرى ۋە ياكى
ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر
قالمىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىدۇق . ھازىر
بازار ئائىلىسى 309 غا ، شەھەر نوپۇسى 1443 كىشىگە
يەتكەن .

## 2 . ئاۋات خەلقى

ئاۋات خەلقى « دولانلىق » نامى بىلەن ئاتىلىپ
كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇلارنىڭ تېگى ـ
تەكتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ئېگىز

قاڭقىل قوۋملىرىنىڭ بۇركلى قەبىلىسىدۇر .

« دولان » دېگەن بۇ سۆز «دولۇن » دىن كېلىپ چىققان . «دولۇن » دولانلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن 1500 يىل ئىلگىرى بەيئەت قىلغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى .

دولانلىقلار بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى جۇجان خانى دولۇن خانىنىڭ پۇقراسى ئىدى . 480 ــ يىللاردا جۇجانلاردىن دولۇن تەختكە چىققاندىن كېيىن ، جۇجانلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى . بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ قەبىلىلىرى تارقىلىشقا باشلىدى . شۇ قاتاردا ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۇركلى قەبىلىسى دولۇندىن يۈز ئۆرۈپ چىقتى . بۇلار ئەسلىدە موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا ياشايتتى . 488 ــ يىلى بۇركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ دولۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ ، ئېگىز قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ ، بوگۇنكى ئۈرۈمچى ، جىمسار ئەتراپلىرىدا خانلىق قۇردى . ئاۋۇزلۇ شىمال تەرەپكە ، چۇڭچى جەنۇب تەرەپتە قارا شەھەر (كىنگىت ) گە جايلاشتى .

491 ــ يىلى ئېغتالىت (ئاق ھۇن ) لار بىلەن ئۇرۇش يۈز بېرىپ ، كىنگىت ئېغتالىتلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن چۈگچى ئۆلۈپ، خەلقى تاراپ كەتتى. بەزىلىرى ئېغىتالىتلارغا بېقىندى، بەزىلەر جۇجانلارغا تەسلىم بولدى. يەنە بىر قىسمىلىرى ئۆز ئالدىغا ماكان ئىزدەپ، كىنگىت ئەتراپىدىن كۆچۈپ، غەربىي يول بىلەن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، قەشقەر، يەكەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى، يەنى بۈگۈنكى ئاۋات بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقنى ماكان تۇتۇپ، توغراقلاردىن ياغاچ ئۆيلەرنى ياساپ ئورۇنلاشتى.

بۇلار يېڭى ماكانغا كەلگەندىن كېيىن، قوشنا يۇرت خەلقلىرى ئۇلارنىڭ تېگى- تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ «دولۇننىڭ دۆلىتىدىن كەلگەن» دېگەن مەزمۇن بىلەن «دولۇنلۇقلار» دەپ ئاتىغان. دولانلىقلار «ئو» نىڭ ئورنىغا «ئا» نى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەچكە، «دولۇنلۇقلار» دېگەن سۆز «دولانلىق» دەپ ئاتىلىپ، بۇ نام كەڭ ئومۇملاشقان. دولانلىقلار تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، كەلپىننىڭ چىلان ۋە چۆل قۇدۇق ئەتراپىدىكى «يايدى» دېگەن جاينىڭ شەرقىي قىسمىغا تۇتاش تالاشور ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ «يايدى» دىن «قارا كۆل» گىچە، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پىچاق سۇندىغا تەۋە «ئاللا ۋەدى» دىن «شوتاقۇدۇق» نىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدىكى جايلاردا ياشىغان.

كېيىنچە نوپۇسى كۆپەيگەنسېرى، ئۇلار سۇ قوغلىشىپ ھەر تەرەپكە كېڭەيگەن. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن زېمىن دائىرىسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ — مارالبېشىدىن ئاقسۇنىڭ قۇمباش دەرياسىغىچە، غەربتىن شەرققە قاراپ تالاشوردىن خوتەن دەرياسى بويىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ چاغلاردا دولانلىقلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاللىنىپ قالغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق بىر قاتاردا تەرەققىي قىلغان. تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. ئۆز ئالدىغا بىر يۇرت بولۇپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە باشقا يۇرتلار قاتارىدا زور ئابرويغا ئېرىشكەن. XV – XVI ئەسىرلەردىن باشلاپ دولانلىقلاردا يۈز بېرىپ تۇرغان بەزى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن دولانلىقلار ئەسلىدىكى زېمىن دائىرىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئەتراپتىكى رايونلارغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇلار سۇ قوغلىشىپ يەكەن دەرياسىنى بويلاپ ئىگىسىز يەرلەرگە كەڭ - دائىرىدە تارقىلىپ، شەرقىي شىمالى تەرەپتە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قارىتال يېزىسىدىن باشلاپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىقى دولان، تۆۋەنكى دولان، تامتوغراق، ئۈژمە، تۇغلۇق ئالتۇن، قارىتال مەھەللىسى، قىياققۇدۇق، تەتۈرموما، غوروچۆل دولان مەھەللىسى، ئارا مەھەللە، بوسۇغا، ئەلەمقۇدۇق (دولان كۆتەمسى)،

كۆلاس ، ئىلەك ، سايلات قاتارلىق جايلارغا تارقالغان . ئۇنىڭدىن كېيىن دولانلىقلار ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ۋە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن داۋاملىق كېلىپ ، ئاۋات ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 70% تىنى دولانلىقلار ئىگىلەپ تۇرغان .

ھازىرقى ۋاقىتتا ئاۋاتلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى تۇنجى بوستانلىقلاردا ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزلىرى بار .

## 3 . ئاۋاتلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرى

ئاۋاتلىقلار باشقا دولان رايونلىرى بىلەن ئوخشاش مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ ، يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە رايون پەرقى كۆرۈلىدۇ . قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق رايونلاردىكى دولانلار قەشقەر شېۋىسىدە سۆزلىگەندەك ، ئاۋات خەلقى ئاقسۇ شېۋىسىدە سۆزلەيدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن يېتىپ كەلگەن دولانلىقلارغا خاس يەرلىك تىللىرى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈلۈپ قالىدۇ . گەرچە ، تىل شېۋىسى ئۇزاق يىللار داۋامىدا باشقا رايون كىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىش تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ،

ئۆزىنىڭ قەدىمدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان. بۇلار ئۆزلىرىنى «ئاق چىراغ» لىق دولانلار دەپ ھېسابلايدۇ. چىراغ ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ باشقىلار بىلەن تۇز، ئاق ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭكىگە قوشمايدۇ. ئاخشىمى سۈت، قېتىق، پاختا ئارىيەت بەرمەيدۇ، ئالمايدۇ. ئەگەر، زۆرۈر بولۇپ قالسا، بىر ئۆيدىن بىر ئۆيگە ئېلىپ چىققۇچە قېتىقنىڭ، ياكى سۈت، پاختا قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە بىر تال كۆيە تاشلاپ قويىدۇ. باشقا چىراغتىكىلەر بىلەن نىكاھلانمايدۇ. يىلدا بىر قېتىم «چولپان ئانا»، «جەڭگى بوۋا» غا ئاتاپ نەزىر بېرىدۇ. بۇ ئادەتلەر ئازادلىقتىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ئۆز چىرىغىنىڭ ئۇلۇغلۇق خاسىيەتلىرىگە ھازىرغىچە ئىشىنىدۇ، بىراق، چەت جايلاردىكى كونىلار ئارىسىدا بۇ ئادەتنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھەر يىلى بارات ئېيىدا ئاينىڭ 15 ـ ئاخشىمى ئۆي ـ ئۆيدىن مەشئەل يېقىپ «بارات كەلدى! — بارات كەلدى!» دەپ توۋلاپ چىقىپ، بىر مەھەللە خەلقى بىر جايغا توپلىشىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئايدىڭدا ئۇخلىماي تۈنەيدۇ. بۇنىڭدا چۆچەك ئېيتىدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ. ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار چېلىش قىلىدۇ. ئۇششاق باللار «مۆك ـ مۆكۈلەك» ئوينايدۇ. بۇ كېچىنى ئەر ـ ئايال ئوخشاش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئادەت 1957 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشمىدى.

ئاغرىپ قالغانلار ئۈچۈن پەرە ئوينىتىدۇ. پەرە ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ، بىرىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ناماز ئەسىر بىلەن باشلاپ، پەرىخون پەرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلايدۇ. ئىككىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن باشلاپ يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەر ئاخشامدىكى پەرىدە ئاز بولغاندا ئۈچ سائەت «دۆرەم» ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ. پەرىگە پۈتۈن كەنت بويىچە ئەر ـ ئاياللار تاماشا كۆرگىلى كېلىدۇ، باشقا كەنتلەردىنمۇ كېلىدۇ. ئاشۇ ئۈچ ـ تۆت سائەت ئويۇن ۋاقتىدا ئالدى بىلەن پەرىخون ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئاندىن كېيىن ئىككىدىن تۆتكىچە ئۇسسۇلچى تۇغ تۇۋىگە چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. دولان مەشرەپ ئۇسسۇلى ئارقىغا چېكىنىپ ئوينىلىدىغان بولسىمۇ، پەرە ئۇسسۇلىدا چېكىنمەي، ئالدىغا ئىلگىرىلەپ ئوينايدۇ. گاھىدا كېسەل بولۇپ پەرە قىلدۇرغۇچىمۇ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل تامام بولغاندىن كېيىن، كۆپىنچە كىشىلەر پەرىخونغا پال سالدۇرىدۇ. بەزىلەر كېسەل بولمىسىمۇ پەرە ئويناتقۇزىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئۆزىگە جىن چاپلاشتى دەپ گۇمان قىلسا، ئوتقاش يېقىپ، بېشىدىن ئوت ئۆرۈيدۇ. بۇنى ئوت كۆچۈرۈش دەيدۇ. ئۇششاق باللارنى يۇدۇيدۇ، ياكى بوشۇككە بولەپ ئۈستىنى يېپىپ، ئوتقاشنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار پەرە

ئويۇنىغا بەك ئىشىنىدۇ. پىرىخون ـ باخشىلارغا شەك كەلتۈرمەيدۇ. جىن چاپلاشتۇرۇشتىن قورقىدۇ.

ئەمگەك ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەر ـ ئاياللار بىر قاتاردا قاتنىشىدۇ. ئاياللار يۈزىنى ياپمايدۇ. ئەمگەكتە ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ. ئادەملىرى يوغان، چىرايلىق كېلىدۇ. مەشرەپنى كۆپ ئوينايدۇ، مەشرەپ ئويۇنىدا «ئات ئويۇنى»، «تۆگە ئويۇنى»، «ئېگىز بولۇڭ موللام»، «غاز ئويۇنى»، «ساماسا يېقىش»، «جۇۋازغا قوشۇش»، «سۈرىتىنى تارتىش»، «بوۋاي بىلەن دۇغور» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى ئوينايدۇ. قوشاق ئېيتىشىپ، «پوتا» ئوينايدۇ. باھار كىرىشى بىلەن چاقپەلەك قاداپ، بىر ھەپتىگىچە چاقپەلەك ئۇچۇش، مەشرەپ، ئوغلاق ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. باھار ۋە ياز كۈنلىرى قىزلار بىرەر مەھەللىگە يىغىلىپ يوغان تېرەككە گۈلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچۇپ ئوينايدۇ. ئەتىياز ۋاقتىدا ياشلار، باللار كۆيەك توپ ئوينايدۇ. ئوغۇللار گاگار ئوينايدۇ. ئۇششاق باللار «مۆك ـ مۆكۈلەڭ»، «دۈم ـ دۈم»، «ئاللا غەزەم»، «چالما تىقماق»، «قۇيرۇق تۇتقۇچ»، «باقا» (تەپكۈچ)، «قارىغۇ چاشقان»، «يەكەم»... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

ئاياللار ياتلىق بولماستا «قىز» دېيىلىدۇ. ياتلىق بولغاندىن كېيىن «چوكان» دېيىلىدۇ، بىرنى تۇغقاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

كېيىن «جۇۋان» بولىدۇ ، ئىككىنچى تۇغقاندىن كېيىن «خوتۇن» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ . ئاياللار ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەر جۈمە كۈنى ئازنىلىققا كېلىدۇ .

ئاياللار تۇنجى بالىسىغا ھامىلىدار بولغاندا ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن جۇۋان توي قىلىپ بېرىدۇ ، جۇۋان بولغۇچىغا گىرىم قىلىپ سورۇندا ئۇسسۇلغا سالىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق پەرداز قىلىدۇ .

ئاياللار پەرداز قىلىشقا ئامراق . يۈزلىرىنىڭ سېرىق تۈكلىرىنى تەردۈرىدۇ ، قاشلىق ئېتىدۇ ، ئوسما قويىدۇ . چاچلىرىغا جىگدە يىلىمى چېپىپ ، ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ . قىزلار چاچلىرىنى تال ـ تال قىلىپ بىر قانچىنى ياكى بىرقانچە ئوننى ئۆرۈۋالىدۇ .

قىش كۈنلىرى تۇنجى قار ياغقان كۈنى كىشىلەر ئۆزئارا قارلىق تاشلاش ئويۇنلىرىنى ئوينايدۇ .

توي قىلغاندا ، سەپەرگە چىققاندا «نەس كۈن» لەرگە دىققەت قىلىدۇ . چۆل ، جاڭگال ، ئورمانلاردا يۈرگەندە يۇلتۇزغا قاراپ نىشاننى بەلگىلەيدۇ . يىلنىڭ پەسىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى «ھۆكەر يۇلتۇزى» نىڭ ئورنى بىلەن بېكىتىدۇ ، ۋاقىتنى تونۇكتىن چۈشكەن كۈننىڭ شولىسى بىلەن ئۆلچەيدۇ .

## 4 . ئازادلىقتىن بۇرۇنقى بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى ئەزەلدىنلا ئۆزلۈكىدىن دەريا سۇلىرى بېسىپ سۇغا قېنىپ قالغان، كۆپ ئەجىر قىلمايلا ئۇرۇق چېچىۋەتسە ھوسۇل ئالالايدىغان، دەريا ۋادىسىدىكى بىپايان بوستانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر جاي بولۇپ، ھازىرقى ئاۋات بازىرىنىڭ ئورنىدىكى دولان مەھەللىسىگە يەكەن دەريا بويلىرىدىن تۇنجى قېتىم ئادەم كۆچۈپ كەلگەن زامانلاردا، دولانلىقلارنىڭ نۇرغۇن كەنتلىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى سايلات، غوروچۆل دولان مەھەللىسى ۋە دولان كۆتەمىسى قاتارلىق جايلاردا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاۋاتنىڭ ئورنى ئاقسۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ جايلارمۇ ئاۋات رايونىنىڭ كەنتلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋات دولان مەھەللىسىگە يېقىن قوشنا رايون خەلقلىرىنىڭ ئاۋات رايونىغا كېلىپ بوز يەر ئېچىشى باشلىنىپ، دولان مەھەللىسىگە ياندىشىپ يېڭىدىن بىرقانچە كەنتلەر بارلىققا كەلگەن. تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيگەن.

1516 ـ يىللارغا كەلگەندە بازار ئەتراپىدىكى قارغىمۇش قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن باغ ـ ۋارانلار بارلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن . بۇ زامانلاردا ئاۋات رايونىدا يەر كۆپ ، ئادەم ئاز بولۇشتەك تەبىئىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ ، هۆكۈمەت تەرەپتىن يەرسىز كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يەر كەسكەندە ، هەربىر ئىقىنىنىڭ ئارىلىقى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بىر مەهەللىگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي ، كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەرگە شۇ مەهەللە خەلقى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن .

چىلك سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، 1759 ـ يىللاردىن باشلاپ ، ئاۋات رايونىدا كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىش ئېلىپ بېرىلىپ ، ئاقسۇ ۋە كونىشەهەرنىڭ هەرقايسى رايونلىرىدىن دېهقانلار كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ، بىر مەهەللىنى ئاساس قىلغان هالدا هەر بىر مەهەللىككە بىر جايدىن يەر كېسىپ بېرىلگەن . شەهەر ئاهالىلىرىنى ئۈچ تۈركۈم قىلىپ كۆچۈرۈپ ، بىر تۈركۈمىنى دولان مەهەللىسى بىلەن بەشئېرىق مەهەللىسىنىڭ غەربىدىكى كۆللۈك ئەتراپىغا ، يەنە بىر تۈركۈمىنى ئىلەكنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كۆللۈكنىڭ يېنىدىكى قۇملۇققا ، يەنە بىر تۈكۈمىنى غورو چۆلنىڭ «قىياقۇدۇق» كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بۇ جايلارنىڭ هەممىسىنى «شەهەر مەهەللىسى» دەپ ئاتىغان . بۇ چاغلاردا ئاۋاتقا يېقىن

جايلاردا ئاچقۇدەك يەر قالمىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر غوروچۆل دولان مەھەللىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇ جايلاردىمۇ ئاۋات بازىرى جايلاشقان دولان كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكىگە ئوخشاش بەشئېرىق، قۇمباش، ئايكۆل، كەلپىن مەھەللىلىرى دېگەندەك مەھەللىلەر بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەم كۆچۈرۈش ۋاقتىنچە ئاخىرلاشقان. ئېچىشقا تېگىشلىك يەرلەر ئىچىدە ئىگىسىز جايلار قالمىغان. بوش يەرلەر مەھەللە كەنتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى قوغداپ يەرلىرىنى تېرىپ، جاڭگاللىرىنى يايلاق قىلىپ يات ـ غەيرىلەرنى چېگرىسىغا يولاتمىغان. ھەربىر ئائىلىنىڭ يەر خېتىگە شۇ كىشىنىڭ يېرىگە تۇتاش بولغان سازلىق، شورلۇق، قۇملۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق كىرگۈزۈلۈپ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بېرىلگەن بولغاچقا، شۇندىن باشلاپ ئاۋاتقا ئادەم كۆچۈرۈش تامامەن توختىغان.

ئۈچىنچى قېتىملىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئاقسۇ رايونىدا 1836 ـ يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنىڭ ئېچىشقا تېگىشلىك يەرلىرى ئاۋاتتا بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئاۋاتنىڭ ئۈژمە قاتارلىق كەنتلىرىگە تۇتاش تامتوغراق كەنتلىرىنىڭ يەرلىرى يېڭىدىن ئېچىلدى. ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئارال كەنتىنىڭ يەرلىرى

كېپەك يۇز بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىرقەدەر كېڭەيتىپ ئېچىلدى، ئۇنىڭ كونىشەھەرنىڭ ئارال دېگەن يېرىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تەكلىپ قىلىنىپ بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى كۆپەيتىلدى.

تۆتىنچى قېتىملىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەرىكىتى مىنگونىڭ 30 — 32 - يىللىرىچە باشلىنىپ، بۇنىڭغا ئاۋاتنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى خەن خۇيمىڭ يېتەكچىلىك قىلدى. نۆۋەتتىكى بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. بۇ نۆۋەت ئېچىشقا بۇرۇنقىدەك ئېگىسىز يەرلەر يېقىن ئەتراپتا يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى ۋاقىتتا دولانلىقلار ئۇزاق مۇددەت تېرىپ قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى جايلار بىلەن ھەربىر مەھەللىدىكى ئېچىشقا شەخسلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان يەرلەرنى ئېچىشقا توغرا كەلدى.

بۇ نۆۋەتتىكى بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىپ ناھىيە بويىچە مەسئۇللۇقنى ھاكىم خەن خۇيمىڭ ئۈستىگە ئالغان. ئاۋاتنى ئۈچ رايون (يۇرۇش) غا ئايرىغان:

1. يۇرۇش — بەشئېرىق مەھەللىسى يۈزلۈك، قاغىمۇش يۈزلۈك، دولان يۈزلۈك، قۇمباش يۈزلۈك، شەھەر، ئىلەك يۈزلۈك بولۇپ، بۇ جايلار دائىرىسىدىكى

ئېچىشقا تېگىشلىك يەرلەرنى ئېچىشقا ھازىرقى دولان يېزا بەشئېرىق مەھەللىسىدىن يۈسۈپ ھاجى مەسئۇل بولغان.

2. يۈرۈش — ئارال، سەككىز ئۇتاق يۈزلۈك، تامتوغراق يۈزلۈك، كەلپىن يۈزلۈك دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭغا ئەلەمقۇدۇقلۇق قادىر ھاجى مەسئۇل بولغان.

3. يۈرۈش — قۇمئېرىق، قىياققۇدۇق يۈزلۈك، قۇمباش، بوسۇغا، غوروچۆل كەلپىن يۈزلۈك، دولان، بەشئېرىق مەھەللىسى يۈزلۈك، تەتۈرموما، قەدىمي ئايماق، ياۋبېشى، شەھەر يۈزلۈك، خەلپەم، تۇغلۇق ئالتۇن، خاڭ گۇڭ بولۇپ، بۇنىڭغا بوسۇغىدىن مۇسا بەگ مەسئۇل بولغان. ئىسمايىل مىراب مۇئاۋىن بولغان.

جاڭگال يەرلىرىنى ئېچىشقا ناھىيە بويىچە غوروچۆل تەتۈرموما كەنتىدىن ئەرشىدىن بەگ مەسئۇل بولغان. ئۆلكە يەرلىرىنى ھەربىر رايون بىر قوشۇن بولۇپ كوللېكتىپ ئاچقان. جاڭگال يەرلىرىنى ناھىيە بويىچە بىر تۇتاش ئاچقان. ئېچىلغان بوز يەرلەرنى مۇنداق ئۈچكە ئايرىش مۇمكىن:

### 1. ئۆلكە يەرلەرنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى

1) سەككىز ئۇتاق كەنتىنىڭ شەرق تەرىپى. كونا دەريانىڭ لايداتمىسىغا سەككىز ئۇتاق ئۆستىڭىدىن يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆستەڭ ئېلىپ بەش مىڭ مو يەرنى قاندۇرغان. بۇ يەرنىڭ تېگى زەي، سۈيى لاي بولغاچقا، مەھسۇلات ئالالماي تاشلىۋېتىلگەن. ئورنى ھازىرقى سىدىق كۆۋرۈكنىڭ غەربىدە ئىدى.

2) تامتوغراقنىڭ تەمەچىلىك دېگەن يېرىدە 1000 مو يەر ئېچىلىپ دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇ جاي ھازىرقى تامتوغراق يېزىسىنىڭ 10 ـ كەنت 3 ـ 4 ـ مەھەللىلىرىنىڭ ئورنى بولۇپ، ھازىرقى كۆلىمى 2500 موغا يەتكەن.

3) ئارالنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىقتا 1000 مو يەر ئېچىلىپ (1942 ـ يىلى) يەرسىزلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. بۇ جاينىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولغاچقا، يەرسىزلەر ئۆزلۈكىدىنمۇ بېرىپ يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقان. ئازادلىققا قەدەر تېرىلغۇ كۆلىمى 4163 موغا يەتكەن.

4) ئارال بىلەن كۇلاس ئۆستىڭى ئارىلىقىدىكى سازلىقتىن 1942 ـ يىلى 1000 مو يەر ئېچىپ، بۇنىڭغا ئايباغ يېزىسىدىكى كونا كەلپىن مەھەللىرىدىن 20 ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ كېلىپ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. بۇ يەرنىڭ بىر قىسمىنى ئارالىلقلار تېرىغان. بۇ جاينىڭ نامى مىنگونىڭ 31 ـ يىلىدىن باشلاپ «كەلپىن مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئۈچىنچى بىر كەلپىن مەھەللىسى پەيدا بولغان. 1958 ـ يىلى خەلق كوممۇناسى قۇرۇلغاندا بۇ يەر ئارالغا ئۆتكۈزۈپ

بىرىلىپ، ئادەملىرى ئاراللىقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.
كەلپىن مەھەللىسى دېگەن ناممۇ شۇنىڭ بىلەن تۇغۇلغان.

5) كۆلاستا ئىككى جايدا يەر ئېچىلغان، بۇنىڭ بىرى ھازىرقى تامتوغراق يېزىسىنىڭ ئاقيار كەنت 1 ــ، 2 ــ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھازىرقى ئايباغ يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى ئىلەك 13 ــ كەنتلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى ئىدى. كۆلاس ئۆستەڭگى مۇشۇنداق ئاقىدىغان بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرلىرىدە كۆلاستىن بىرقانچە ئۆيلۈك كۆچمەنلەر كېلىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى زەي سازلىقنى ئېچىپ شال تېرىپ كەلگەن. ئۇ يەر شۇندىن باشلاپ «ئۇستۇنكى كۆلاس» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. مىنگونىڭ 30 ــ، 31 ــ يىللىرىغا كەلگەندە بۇ جايلار كېڭەيتىپ ئېچىلىپ، «ئاق يار»نىڭ 1 ــ، 2 ــ دۈيلىرىگىچە كېڭەيتىلدى. ئائىلىلەرمۇ كۆپىيىپ، ئېچىلغان يەرلەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن (1956 ــ يىلى) باشقۇرۇشقا ئاسان قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يەرلەر ۋە ئائىلىلەر ئاق يار كەنتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەسلىدىكى «ئۇستۇنكى كۆلاس» دەپ ئاتالغان بۇ جاينىڭ نامى «ئۇستۇنكى ئىلەك» دەپ ئۆزگەرتىلدى. كوممۇنا دەۋرىدە 13 ــ داددۈي دەپ ئاتىلىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچ كىچىك ئەترەتكە بۆلۈندى.

يەنە بىر پارچىسى كۆلاسنىڭ ئاياغ تەرىپى، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«لاتاجاي» (هازىرقى ئايباغ يېزىسىنىڭ 11 ـ كەنت 5 ـ مەھەللىسى) بىلەن دولان كۆتەرمىسى ئارىلىقىدىكى جايلار بولۇپ، 1000 مو ئەتراپىدىكى يەر دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. هازىر ئەلەمقۇدۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

6) كەلپىن مەھەللىسى ئىككى جاينى ئاساس قىلىپ بىنام ئاچقان. بۇنىڭ بىرى ئۇستۇڭنىكى ئىلەكنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە، يەنە بىرى تۆۋەنكى كەلپىن كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىلەكنىڭ ئارا مەھەللىسى كەلپىن مەھەللىسىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئارا مەھەللە ئىلەك (تۆۋەنكى ئىلەك) كەنتىگە قوشۇپ بېرىلدى. خەلق كوممۇناسى ۋاقتىدا ئۇستۇڭنىكى كۆلاس بىلەن قوشۇپ «ئۇستۇڭنىكى ئىلەك» دەپ نام بېرىلدى. بۇ كەنتنىڭ هازىرقى تېرىلغۇ كۆلىمى 2500 موغا يەتتى. تۆۋەنكى كەلپىندىكى يەرلەر كۆجۈملىشىپ ئەسلىدە بار كەنتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى.

7) ئايكۆل — هازىرقى ئايباغ يېزىسىنىڭ 8 ـ دادۈي 1 ـ دۈي (ئارا مەھەللە) بىلەن 9 ـ دادۈي 4 ـ دۈينىڭ زەيلىك بويىدا مىنگونىڭ 31 ـ يىلى 1000 مو يەر ئېچىلىپ، دېھقانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. هازىر ئۇ جاينىڭ كۆلىمى 10 مىڭ موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندى.

8) سىدىق كۆۋرۈكنىڭ ئاياغ تەرىپى، بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى چوڭ يول كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي تەرىپىدە

1000 مو ، بەشئېرىق مەھەللىسى بىلەن شەھەر مەھەللىسى ئارىلىقىدا 1000 مو يەر ئېچىلغان. شەھەر مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىككى پارچە بىنام ئېچىلغان بولسىمۇ، كېيىن سازلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

9) غوروچۆلنىڭ قىياققۇدۇق بىلەن غوروچۆل بازىرىنىڭ ئارىلىقىدا 1000 مو يەرنى قاندۇرۇپ مەھسۇلات ئالالمىغان. هازىر سازلىق پېتى تۇرىدۇ.

10) تەتۇرموما — بۇ كەنتنىڭ «كەكەبېشى» دېگەن جايدا 1000 مو ئەتراپىدا يەر قاندۇرۇلغان. كېيىن شەخسلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي كېڭەيتىلىپ 2000 موغا يەتكەن.

11) خاڭگۇڭ — بۇ كەنت ئىلگىرى شەخسلەر تەرىپىدىن ئانچە - مۇنچە ئېچىلىپ، ئائىلىلەر ئولتۇراقلاشقان ئىدى. 1942 - يىلىدىكى بىنام ئېچىش دولقۇنىدا 1000 مو يەر ئېچىلىپ، شۇ جايدىكى شەخسلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئاچقان يەرلەرنىڭ ئورنى تارقاق ۋە جاڭگالغا تۇتاش بولغاچقا، كىشىلەر ئانچە قىزىقمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا شۇ زاماندا بايلاردىن دولان يېزا بەشئېرىق مەھەللىسىدىن مامۇت هاجى، ئەيسا خەلپەت دېگەنلەر بېرىپ يەر تۇتقان. قالغان قىسمىنى ئابدۇقادىر ئاخۇن، مەھەممەت سىدىق بەگ، ئارالدىن نۇردۇن بەگ دېگەنلەر ئىگىلەپ كۆچۈملەشتۇرگەن. ئازادلىققا قەدەر 40 ئەتراپىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئائىلە بارلىققا كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جاي چوڭ كەنتكە ئايلىنىپ تېرىلغۇ يېرى 6000 موغا يەتكەن.

12) قارادۆڭ خاڭگۇڭ ــ بۇ جاي ئاۋاغ يېزىسىنىڭ كۇلاس ۋە ئەلەمقۇدۇقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دولان كۆتەمىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولۇپ، كۇلاس كەنتىگە قاراشلىق ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (مىنگودىن بۇرۇن) ئىلەك، كۇلاس كەنتلىرىدىن بىرنەچچە ئائىلە يەر ئېچىپ ئورۇنلاشقان، مىنگونىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئىلەككىلىك كېرەم ئاسقال، ياقۇپ مىراپ دېگەنلەر باش كۆتۈرگەن، خاڭگۇڭنىڭ ئاساسلىق يەرلىرى مۇشۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

1940 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسى ۋىلايەتكە: «ئاقسۇنىڭ سۈيى ئاۋاتنى زەيلەشتۈردى. ئاقسۇ ۋە كوناشەھەرنىڭ سۈيىنى ئاۋاتقا ئۆتكۈزمىسۇن، بولمىسا چۇشۇرگە چېپىپ بەرسۇن» دەپ ئەرز قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتتىن ئاقسۇ ۋە كوناشەھەرگە ناھايىتى نۇرغۇن ھاشار سېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئادەملىرىنى قوشۇپ، دولان كۆتەمىسى بىلەن چۇشۇرگە چېپىپ زىيانىنىڭ بەدىلىگە خاڭگۇڭنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى چېپىپ 2000 مو يەر ئېچىپ بەرگەن. يەنە ئاۋات بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دولان دەرياسىنى كېڭەيتىپ چېپىپ بەرگەن.

بۇ جايىنى تېرىشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن تېرىغاننى تېرىپ، تېرىمىغاننى يايلاق قىلىپ پايدىلانغان. ھازىر بۇ جاي غورو چۆل يېزىسىغا قاراشلىق گۆللەنگەن بىر كەنت بولۇپ قالدى.

13) قارىتال كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «بوز» دېگەن جايدا ئىلگىرى دېھقانلار ئۆزلىرى ئېچىپ تېرىپ كېلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم يەردىن باشقا يەنە 1500 مو يەر ئېچىلىپ، يەرسىز دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا 1000 مو يېرى تېرىلىپ قالغىنى يايلاق قىلىنغانىدى. ھازىرقى تېرىلغۇسى 2000 مودىن ئاشقان.

14) ئاقچېقىل — بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئاقسۇ كونا دەرياسىنىڭ ئېقىن بويلىرىغا جايلاشقان. سۇ چىقىدىغان، تېرىشقا ئاسان يەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئادەم كۆچى بولسىلا كۆپ ئەجىر كەتمەيتتى. ھازىرقى مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيداننىڭ ئۇيغۇرلار كەنتىنىڭ ئورنىدىن 1000 مو ئەتراپىدىكى يەرگە 1942 ـ يىلى قىر ـ تىرگەن سېلىنىپ، 15 ئائىلىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئاقچېقىل بىلەن باغتوغراق ئارىلىقىدىكى «قارا كۆجەك» دېگەن يەردىمۇ ئەسلىدە ئولتۇرۇشلۇق بىرقانچە ئائىلىنىڭ يەرلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا 500 مو ئەتراپىدا يەر قاندۇرۇلۇپ يەرسىزلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئازادلىقتا قەدەر ئائىلىسى 20 دىن ئاشقان، تېرىلغۇ يېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1000 موغا ، يايلاق 2000 موغا يەتكەن .

## 2 . جاڭگال يەرلىرىنىڭ ئېچىلىشى

جاڭگال يەرلىرى دېگىنىمىز ــ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قارا قىرچىن دەرياسى ، يەكەن دەرياسى ، قەدىمكى ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دولانلىقلار تېرىپ ئۆتكەن ، مەلۇم زامانلاردىن كېيىن ئادەملەرنىڭ سۇ قوغلىشىپ كېتىپ قېلىشى بىلەن تاشلىنىپ قالغان تۈزلەڭ ، لايداتما ، تەكشىلەنگەن كۆللۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ جايلارنى سۇ بولسىلا تېرىماق ئاسان ئىدى . ئەتىيازدا ئۇرۇقنى چېچىۋەتسە ، پىشقاندا يىغىپ ئالسىلا بولاتتى . پەرۋىش قىلىش كەتمەيتتى . باج ــ سېلىقمۇ ئالمايتتى . يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ ، يازلىقى بۇغداي ، قىچا ، زاغۇن ، زىغىر بەك ئوخشايتتى . چارۋىچىلار قوغۇن ــ تاۋۇز تېرىيتتى . قىش كۈنلىرى دەريا تېشىپ سۇ بېسىپ كەتكەن جايلارغا بېرىپ ، دېھقانلار مۇزنىڭ ئۈستىگە قىچا چېچىۋېتىپ ، پىشقاندا يەنە بېرىپ نۇرغۇن ھوسۇل ئېلىپ كېلەتتى . بۇ ئەھۋالغا ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتى قوزغالدى . مىنگونىڭ 30 ــ يىلى ئاۋاتنىڭ ھاكىمى خەن

خۇيمىنىڭ جاڭگال يەرلىرىنى ئاچماقچى بولۇپ دولقۇن قوزغاپ، يەر ئاچتۇرۇش هوقۇقىنى ئەرشىدىن بەگكە بېرىپ، باشقا يېزا ئەمەلدارلىرىنى ئۇنىڭ ئىنائىتىگە تاپشۇردى. ئەرشىدىن بەگ ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئىدى. ئەمما، ئاتىسى ناۋاي دوپ بېگى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەچكە، جاڭگال يەرلىرى ئۇنىڭغا بەك تونۇش ئىدى. بوز يەر ئېچىش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىدا ئۇ تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. خەن خۇيمىڭ ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئەرشىدىن بەگكە تاپشۇردى. 1941 ـــ، 1943 ـ يىللار ئىچىدە بىنام ئېچىش باشلىنىپ نۇرغۇن يەرلەر ئېچىلدى.

1) مىنگونىڭ 30 ـ يىلى ئاۋات بويىچە 1 ـ يۇرۇشكە 500 نەپەر، 2 ـ يۇرۇشكە 500 نەپەر، 3 ـ يۇرۇشكە 670 نەپەر، جەمئىي 1670 نەپەر هاشار سېلىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئاچا دۆڭدىكى ئەگمىسىدىن باش ئېلىپ، سۆگەت توقيى ئۆستىڭىنى چاپقان. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن تېرىش ئۈچۈن ئاچا دۆڭدىن 5000 مو يەر تەييارلانغان. شۇ يىلى سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن بىر بۆلەك يەر تېرىلمىغان. كېلەركى يىلى كۆلاسلىق سۇلايمان بەگ 500 مو قىچا تېرىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە تېرىلىپ، بەزىدە تېرىلماي، بارا ـ بارا ئادەم يوق جاڭگالغا ئايلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن .

2) مىنگونىڭ 32 ـ يىلى توپىلاڭنىڭ ئۆستىڭى چېپىلدى . بۇ ئۆستەڭ چېپىلغان ۋاقىت 6 ـ ، 7 ـ ئايدىكى تومۇز كۈنلىرى بولۇپ ، ئەمگەكچىلەر ھاشارغا مەجبۇرىي تۇتىلاتتى . بۇ ئەمگەك ناھايىتى جاپالىق بولدى . توپىلاڭنىڭ ئۆستىڭىدىن ئاق تىكەن كۆل ، كۆتەك كۆل ۋە داۋۇز دۆڭگە سۇ چىقىرىلىپ ، ئاق تىكەن كۆلدە 3000 مو ، كۆتەك كۆلدە 1000 مو ، داۋۇز دۆڭدە 3000 مو ، جەمئىي 7000 مىڭ مو يەر قاندۇرۇلدى . بۇ يەرلەر بىرنەچچە يىل تېرىلغاندىن كېيىن ، ئاق تىكەن كۆل ئاق قىلىپ ، يايلاق بولدى . كۆتەك كۆلدە 1000 مو يەر تېرىلىپ تۇردى . شۇ يىلى يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن باش ئېلىنىپ ، يەنە بىر ئۆستەڭ چېپىپ ، «قېيىم» دا 60 مىڭ مو يەر قاندۇرۇلۇپ ، ئاۋاتنىڭ 3 ـ رايونىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى . بۇ يەرلەرنى رايونلار يۇقىرالىرىنىڭ تېرىۋېلىشقا ئىختىيار قىلىپ بەردى . ھەر بىر كەنتتىكى ھاللىق دېھقانلار بىرقانچىسى بىرلىشىپ بىر كوللېكتىپ بولۇپ ، 1000 مولاپ بۇغداي تېرىپ ، ناھايىتى كۆپ ھوسۇلغا ئىگە بولدى . قېيىمدا دېھقانچىلىق قىلغۇچىلار تاكى ئازادلىققا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى . يەنە بىر قىسىم يەرلەر ھۆكۈمەت نامىدا تېرىلىپ ، خەلققە ھاشار سېلىش ئارقىلىق باشقۇرۇلغان . مەھسۇلاتى ھۆكۈمەتنىڭ سېڭىغا

تاپشۇرۇلغان.

3) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى «كوگتەي كەستى» نىڭ ئۆستىگى چېپىلدى. كوگتەي كەستىنىڭ شەرقى، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا يەكەن دەرياسى بىلەن ئوخشاش غەربتىن شەرققە قاراپ چېپىلغان بىر قۇرۇق ئۆستەڭ بار ئىدى. بۇنى دولانلىقلار ئاياغ تەرەپتىن چېپىپ كېلىپ يەكەن دەرياسىغا ئۇلاشقا ئاز قالغاندا تاشلاپ قويغانىكەن. ئۇزۇنلۇقى 4000 جاڭ چېپىپ قۇرۇق ئۆستەڭ بىلەن تۇتاشتۇرسا، قۇرۇق ئۆستەگىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 10 نەچچە مىڭ مو يەر ئېچىلاتتى. كوگتەي كەستى ئۆستەگىنى چېپىپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ، قاندۇرۇپ تېرىپ بولالمىدى. كېلەركى يىلى باشقا يەرگە تۇتۇش قىلىندى. كوگتەي كەستى ئۆستىگى بىلەن ھازىرقى 3 ـ مەيدان 11 ـ ليەنىنىڭ ئورنى قاندۇرۇپ تېرىلغانىدى.

4) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى كەلپىن ئۆستەگىنىڭ ئايىغىدىن بىر چۆشۈرگە چېپىپ، داۋامىنى غوروچۆلنىڭ ئايىغى بىلەن قارا قىرچىن ئېقىنىغا سولاپ، ئايىغىنى مۇزلۇققا ئاپارغان. مۇزلۇقتا 10 مىڭ مو يەر قاندۇرۇلغان، مۇزلۇقتىن يەنە بىر ئۆستەڭ چېپىپ «قودايلىق» قا سولاپ، 15 مىڭ مو يەرگە سۇ چىقارغان.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «قودايلىق» تىن بىر چۆشۈرگە چېپىپ، يەكەن دەرياسىغا سولاپ، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

دەرياسىدىن بىر ئۆستەڭ چېپىپ «قودايلىق » تىن كەلگەن سۇنى « ئات ئۆلدى » گە چىقىرىپ ، 5000 مو يەر قاندۇرغان . بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق تېرىلىپ كەلگەن . 1960 ـ يىلىغا كەلگەندە «ئات ئۆلدى» ، «قودايلىق » نىڭ كۆپ قىسمى « شاڭيۇ سۇ ئامبىرى » ئاستىدا قالغان .

5 ) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى غوروچۆل ئۆستەڭ چۇشۇرگىسى ( ئاقچېقىل بىلەن باغتوغراقنىڭ شەرقى ئارقىلىق ماڭاتتى ) نىڭ ئاياغ تەرىپىنى ئىككىگە ئايرىپ ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئايغىنى قىزىل دۆڭگە ئۇلاپ ، قىزىل دۆڭنىڭ ئىككى تەرىپىدىن سۇ كىرگۈزۈپ ، 30 مىڭ مو يەر قاندۇرۇلدى . شۇ يىلى يابېشى قاتارلىق كەنتلەردىن بۇ يەرگە ئادەم يۆتكەپ كېلىنىپ ئاھالىسى تېزلا كۆپەيدى .

قىزىل دۆڭ ئەزەلدىن غوروچۆلدىن چىقىپ خوتەنگە ماڭىدىغان ئۆتەڭ ئىدى . كۆچمەنلەر بارغاندىن كېيىن ، قىزىل دۆڭ بازىرى رەسمىي شەكىللىنىپ ، بازار ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەر 30 دىن ئاشقانىدى . بۇ جاي 1960 ـ يىلى شاڭيۇ سۇ ئامبىرىنىڭ ئىچىدە قېلىپ غايىپ بولدى . ئادەملىرى ھازىرقى غوروچۆلنىڭ ئىتتىپاق كەنتىگە كۆچۈرۈلۈپ ، بۇلارنىڭ كۆچكەن يېرىگە «ئىتتىپاق يېڭى كەنتى » دەپ نام بېرىلدى .

## 3 . تاشلاندۇق يەرلەرنىڭ قايتا ئېچىلىشى

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە جەنۇب تەرەپلىرى قەدىمدىن تارتىپ دولانلىقلار تەرىپىدىن تېرىلىپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىرى تەكشى، قىر - تىرگەنلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى بار يەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. دولانلىقلار كۆچۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغاچقا، تېرىلغۇ يەرلەرگە توغراق ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ جاڭگالغان ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە كۆپلىگەن قەدىمكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئورنىغا بىر قېتىملا سۇ كىرسە تېرىغىلى بولاتتى. كۆپىنچە يەرلەر دەريا سۈيى تېشىپ، ئۆزلۈكىدىن قېنىپ قالاتتى. توغراقلىقلارنىمۇ ئاچماق ئاسان بولۇپ، توغراقنى ئېلىۋەتسە يەرلىرى تەكشى ئىدى. قارا كۆلنىڭ دائىرىسىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق يەرلەردىن بولغاچقا، تېزلا قېنىپ كەتكەنىدى. يەنە، قارا قىرچىن دەرياسىنىڭ بويلىرىدا «ئايكۆل تۈز»، «بەختىي بەگنىڭ چىگىلىكى»، «ئامبال تېرىلغۇسى»، «بەشقات» دېگەن جايلار بار. بۇ يەرلەر ئازادلىقتىن بۇرۇن شەخسلەر تەرىپىدىن تېرىلىپ، كىم بېرىپ تېرىۋالسا شۇنىڭ بولاتتى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئايباغ، تامتوغراق، غوروچۆل يېزا خەلقى تەرىپىدىن تېرىلىپ كەلگەن. 1965 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلىغىچە ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى چىقىرىپ ، ھەر بىر دۆيلەرگىچە تەقسىم قىلىپ بېرىپ باشقۇردى . 1965 ـ يىلى مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدان قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يەر ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى بىلەن قوشۇپ مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . يەر مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن ، بۇرۇن تېرىلغان بىر قىسىم يەرلەر ، يەنە جاڭگاللىغا ئايلىنىپ كەتكەن . 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئەسلىدىكى يەرلەرنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ سىرتىدا ، يەنە بىر قىسىم يەرلەرنى ئاچقان .

مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدان قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بەختى بەگنىڭ چىگىلىكىدە 5 ـ لىيەن قۇرۇلغان . «ئايكۆل تۈز » نىڭ ئورنىغا 3 ـ مەيدانىنىڭ 3 ـ لىيەنى قۇرۇلغان . «بەشقات » دېگەن جايغا 3 ـ مەيدانىنىڭ 4 ـ لىيەنى قۇرۇلغان ، سايلات ، چۇماق دېگەن جايلارغىمۇ ئازادلىقتىن كېيىن يەرسىز ، ئىشسىزلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، شەرقى سايلات ، غەربىي سايلات دەپ ئايرىم ـ ئايرىم كەنتلەر قۇرۇلغان . ئاق كۆل ، يىلانلىق دېگەن جايلار ھازىرغىچە ئايباغ يېزىسىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ ، پايدىلىنىلىپ كەلگەن . «تۆپەتەشتى » ، « كۆتەك كۆل » دېگەن جايلارنى غوروچۆل يېزىسى ئىگىلەپ تۇرغان . «قۇم گىرەم » نى غوروچۆل يېزىسىنىڭ قىياققۇدۇق كەنتىدىن مەھەممەت سىدىق موللامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەۋلادتىن ـ

ئەۋلادقا كۆكەرتىپ كەلگەن.

«ئەمەت هاجىنىڭ ئويلىقى» دا 3 ـ تۇەنىنىڭ 21 ـ لىيەنى قۇرۇلغان. «سايغانلىق ئۆي» گە ئايباغ يېزىسىنىڭ كۆلاس كەنتى ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ تېرىپ كەلگەن. هالبۇكى، ئاۋاتنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە يەكەن دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈندە قېنىپ قالغان يەرلەر نەچچە 10 مىڭ مو بولۇپ، شۇ يىلى تېرىغىلى بولاتتى. دەريالارغا سۇ كەلمىسە جاڭگالغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا باشقۇرۇلمىغان سۇ كۆپ بولغاچقا، ئۇدا تېرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى مارالبېشى تەرەپتىن توسۇۋېلىنغان بولغاچقا، سۇ كەلمەي يەرلەر قاقاسلىشىپ، شورلۇققا ئايلىنىپ كەتكەن.

قارا قىرچىن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىلگىرىكى ۋاقىتلار دائىم تېرىلىپ تۇرىدىغان يەرلەر ئىدى. داۋۇز دۆڭ (مول هوسۇللۇق 3 ـ مەيدان 1 ـ لىيەن)، بەختى بەگنىڭ چىگىلىكى (2 ـ لىيەن)، ئايكۆل تۈز (3 ـ لىيەن)، بەشقات (4 ـ ۋە 6 ـ لىيەن)، باشكۆل (5 ـ لىيەن)، چۇماق (7 ـ لىيەن)، ئاق كۆل بۇلۇڭ (8 ـ لىيەن)، قاراتىزما (9 ـ لىيەن)، قۇم ئېقىن (10 ـ لىيەن) دېگەن جايلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى ۋاقىتدا جاڭگالغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، هازىر بۇ جايلار مول هوسۇللۇق 3 ـ مەيداندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ خەنزۇ مېھنەتكەشلىرىنىڭ زور تىرىشچانلىقى ۋە جاپاغا چىداپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، 1989 ـ يىلى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 11 مىڭ مو بولغان. 1996 ـ يىل ئاخىرىدا بولسا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 52 مىڭ موغا يېتىپ، چۆل ـ جەزىرىلەر كۆز يەتكۈسىز بوستانلىققا ئايلانغان.

**5. ئاۋات دىيارىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار**

ئاۋات ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى يەكەن دەرياسى، قارا قىرچىن دەرياسى (قەشقەر دەرياسى)، قەدىمكى ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريا ۋادىلىرىدا ئاۋات خەلقىنىڭ ئەجدادى بولغان دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن نۇرغۇن خارابىلىقلار ۋە مۇھىم يادىكارلىقلار بار. ھەرقايسى جايلارنىڭ ساقلىنىپ كەلگەن بۇرۇنقى يەر ـ جاي ناملىرى بار. بۇلاردىن ئاۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق جايلاردىكى ئۆزۈم بېرىپ بىۋاسىتە تەكشۈرگەن ۋە كۆرگەنلىرىمدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1

«يايدى» ـــ كەلپىن ناھىيىسىدىكى چىلان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر شورلۇقنىڭ نامى

بولۇپ، غەربى ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاشيولىغا، شەرقىي ۋە جەنۇب تەرەپلىرى «تالاشور» چۆللۈكىگە تۇتاش. ئۇ جاينى قەدىمدە تۇنجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيى بېسىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە سۇ ئاستىدا تۇرۇپ قېلىپ، لاي ـ لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتكەچكە، ئەڭ بۇرۇن بوستانلىققا ئايلانغان. شۇندىن كېيىن كىشىلەر ئۇ جاينى سۇ يايغان جاي دېگەن مەزمۇن بىلەن «يايدى» دەپ ئاتىغان. بۇ تارىم بوستانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەڭ بۇرۇن گۈللەنگەن ئورۇن بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئورنىنى بويلاپ دەل مۇشۇ جايلار بىلەن ئۆتەتتى.

هازىرقى ئەشمە كۆلىمۇ تۇنجى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئورنى بولۇپ، يايدى تەرەپكە سۇ بارىدىغان ئېقىن ئىزلىرىنىڭ بەزىسى ئويمانلىق جىلغا سۈپىتىدە، بەزى جايلىرى كەڭ لايداتما سۈپىتىدە هازىرمۇ روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. دەريا ئىزلىرىنىڭ تۇپراقلىرى قۇم ۋە قىزىل سۇلايلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، زەي سۇلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. «يايدى» دېگەن جايدا يەنە «تەڭ» دەيدىغان بىر جايمۇ بار. بۇرۇنقى قاتناش يولىنىڭ ئاقسۇ تەرەپتىكى مەلۇم ئۆتەڭگى مارالبېشىنىڭ چاۋاغ ئۆتەڭگى بىلەن شۇ جايدا تەڭ بولغاچقا، ئۆتەڭنىڭ نامىنى «تەڭ» دەپ ئاتىغان. بۇ جايلار قەدىمكى دەۋرلەردە دەريا سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريا بويلاپ سېلىنغان قاتناش يوللىرىدا كارۋانلار مېڭىپ تۈزغان، كۆپ خىل ئەۋزەللىككە ئىگە، كىشلەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان بىر جاي بولغان بولسىمۇ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شەرق تەرەپكە كۆچۈپ، ھازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ سۆگەت ئېرىق تەرەپ بىلەن ئاقىدىغان بولۇپ قالغان مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان. ھازىر «يايدى» دېگەن جاي كەڭ شورلۇققا ئايلىنىپ، قەدىمكى توغراقلارنىڭ كۆتەكلىرىمۇ شور ئاستىغا كۆمۈلۈپ، چىرىمدانغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىلىش مۇمكىنكى، ئۇ جايلار قاقاسلىشىپ كەتكىنىگە ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر بولغان.

سۇ قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە: ئاقسۇ دەرياسىنىڭ تۇنجى ئورنىنى تاشلاپ ئىككىنچى ئورۇنغا كۆچكەن دەۋرى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىرىدىكى دەۋرلەر بولۇپ، ئىككى مىڭ يىلچە ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## 2

تالاشور ــ بۇ يايدىنىڭ شەرق تەرىپىگە تۇتاش چۆللۈكنىڭ نامى بولۇپ، شەرقى «قارا كۆل»، شىمالى «شوتا قۇدۇق»، جەنۇبى پىچاق سۇندىنىڭ «ئاللا ۋەدى»

دېگەن جايغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جاي كەڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆپلىگەن جايلىرىدا دىئامېتىرى بىر ـ ئىككى مېتىر كېلىدىغان، بىر ـ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە قېپقالغان مىليونلىغان توغراق كۆتەكلىرى بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ تۇرىدۇ. ئارىلاپ سۇ ئاققان قەدىمكى دەريا، ئېرىق، ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزلىرى بار. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، توغراقلار قۇرۇپ قاخشال بولۇپ، شاخلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلۈپ، شور ئاستىغا كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن. پەقەت كۆتەكلىرىلا قالغان. (غەربىي تەرەپتە توغراقنىڭ كۆتەكلىرىمۇ قالمىغان). بوستانلىق غەربتىن شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، توغراقلىقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بالدۇر تەرەققىي قىلغان جايلىرى بۇرۇنراق يوقالغان. بۇ «تالاشور» نىڭ 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردىكى گۈزەل بوستانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. توغراقلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قۇملۇق تېتىرلەر، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئورنى، ئېتىز قىرلىرىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئۇلانغان قۇم ـ تىرگەنلەر تۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ جايدىكى «ئاق مەسچىت» دەپ ئاتالغان بىر خارابىلىقتا ئېگىزلىكى 6.70 مېتىر، ئورنى 225 كۋادرات مېتىر، تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر قاراۋۇلخانا بار. ئەينى ۋاقىتتا دولانلىقلارنىڭ تۇنجى ھاياتى مۇشۇ جايدا باشلىنىش بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەڭ، ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن توغراقلاردىنمۇ ئېگىز قىلىپ، يىراقنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە كۆزىتىش ئۆيى سالغان. نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئۈستى ئۆرۈلۈپ، ئەتراپىغا ئۇلپاڭلىرى دۆۋىلىشىپ كەتكەن. تامنىڭ قوپۇرۇلۇشى ئىككى قەۋەت، ئىچكى تەرەپتىكى بىر قەۋىتى ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىرلىق كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. سىرتقى تەرەپتىكى بىر قەۋىتى تېشى تەرەپتىن چاپلاپلا سوقما تام قىلىپ قوپۇرۇلغان.

بۇ خارابىلىقتا مال ـ دۇنيا ئىزدىگۈچى بۇزغۇنچىلار تەرىپىدىن قېزىپ چىقىرىلغان ئوخشاش بولمىغان ساپال چىنە ـ چەينەك، ئىدىشلارنىڭ سۇنۇقلىرى، شورداپ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر داشقاللىرى، كۆل قاتارلىق نەرسىلەر بار بولۇپ، ساپال پارچىلىرىدىن قارىغاندا، ھەممىسى ئوخشاشلا سىرلانمىغان ھەم بىر قەدەر قېلىن ۋە قوپال ئىشلەنگەن.

قاراۋۇلخانىغا شەرقىي تامنىڭ تەڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىرلا ئەگمە ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، ئىشىك ئەگمىسىنىڭ ئەتراپىغا تام يۈزىدىن بەش سانتىمېتىر ئېگىز، بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر ـ بىرىنىڭ ئارىلىقى بەش سانتىمېتىردىن قالدۇرۇلۇپ، قوشناۋا بىلەن

زىننەتلەنگەن. ئىشكىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تامغا يۆلەپ كۆتۈرۈلگەن ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر دۆڭ بار. بۇ جايدا ئادەم تۇرمىغانغا ئۇزاق زامان بولغان، ئۇ بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ ئۇزاق يىللىق چىرىمدانلىرىدىن ھاسىل بولغان. يەنە بۇ جايغا يىراق بولمىغان جايلاردا ساپالچىلىق خۇمدىنى، چېقىلغان كوزا، ئاساسەن يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان قەبرىستانلىقنىڭ ئىزنالىرى بار.

بۇ جاينىڭ ئەسلىدىكى نامى «بەگلىك ئۆي» دەپ ئاتالغان، قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ توغراقلار قۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر شورلۇققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، «بىر تالاى شور» دېگەن مەنىدە «تالاشور» دەپ ئاتالغان. قاراۋۇلخانىنىڭ نامىنى كىشلەر مەسچىت بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ «ئاق مىچىت» دەۋالغان. شەرقىي تەرىپىدە «قارا كۆل» بوستانلىقى بار.

### 3

«قارا كۆل» قارا قىرچىن دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى «دۆچۆن تېرەك» نىڭ يېنىدىكى بىر كۆلنىڭ نامى. ئۇ، ئاقسۇ دەريا (بۆرۈنقى) سىنىڭ قەشقەر دەرياسىغا (قارا قىرچىن دەرياسى) قويۇلىدىغان مەزگىللىرىدىكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايىنامىنىڭ ئورنى بولۇپ، سۇلىرى ئاقمىغانلىقى ۋە چوڭقۇر بولغانلىقى، سۇ يۈزى قاپقارا كۆرۈنگەنلىكى تۈپەيلىدىن «قارا كۆل» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، قەشقەر دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوستانلىقنىڭ ھەممىسى قارا كۆل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا تالاشورنىڭ سۇ مەنبەيى ئۈزۈلۈپ كېتىپ شەرقىي تەرەپ بىلەن ئاقىدىغان بولۇپ قالغاندا، دولانلىقلار تالاشوردىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن گۈللەندۈرگەن يۇرت بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي دەۋرى مۇشۇ ئەتراپتا ئۆتكەن. ھازىر بۇ جايدىكى كونا قەشقەر دەرياسىنىڭ بويىدا «جىگدالىك تېرەك» دەپ ئاتىلىدىغان دىئامېتىرى 1.40 مېتىر، ئېگىزلىكى 31 مېتىر (مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەندى)، ئەتراپى ئۈچ فۇتك يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار بولۇپ، ئۇ ھازىر بىر باغنىڭ ئىچىدە قوغدىلىپ كەلمەكتە. يەنە ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 200 مېتىر كېلىدىغان جايدا دەريانىڭ بويىدىلا يېقىندا ئاشكارىلانغان دولانلىقلارنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە خارابىلىقلار، قەبرىستانلىقلار 1956 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەزگىلىدە تۈزلىۋېتىلگەن بولۇپ، يەر نامىلىرى ساقلىنىپ قالغان، قارا كۆلنىڭ جەنۇب تەرىپىدە «باشقاقچى» شەھەر

خارابىسى بار.

## 4

«باشاقچى» يېزا ئىگىلىك 1 ـ دېۋىزىيە 3 ـ تۇەن (قارا كۆل) دېھقانچىلىق مەيدان شتابىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قەدىمكى خارابىلىقنىڭ نامى. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم ئۆتەڭنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، ھەر تەرەپتىن كەلگەن يولنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەھەرگە كىرىپ ئاندىن ئايرىلغان. شۇڭا، بىرقانچە تارماق يولنىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسى ياكى مەركىزى ئاچال دېگەن مەزمۇن بىلەن «باشاقچى» دەپ ئاتالغان. بۇ جاي شەھەر خارابىلاشقاندىن كېيىن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان.

1986 ـ يىلى بۇ جايدىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

ئاشكارىلانغانلىرىدىن، تېپىلغانلىرى ئىككى چاپان، بىر قولىيازما قۇرئان، ئىككى قولىيازما ئايەتلەر تاللانمىسى، ئۈچ پارچە مۇھەببەت تۇمارى، بىر دانە قارچىغا تۇتىدىغان تور، ھەرخىل رەڭلىك يىپ، بىر دانە لېچەك، پالاز، ئۈچ پاي ئۆتۈك، تارىخىي ھۆججەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چاپاننىڭ بىرى ئەينى ۋاقىتتا كۆيۈپ بۇزۇلغان بولسىمۇ، بىرى ساق پېتى تۇرغان. چاپان قىزىل چەكمەندىن ئەستەر ـ تاش قىلىپ، قول بىلەن ناھايىتى سۇپەتلىك تىكىلگەن بولۇپ، تونچە ياقا سېلىنغان. ئۇنىڭ چوڭلۇقى: بويى 1.52 مېتىر، بەل 1.65 مېتىر، پەشىنىڭ كەڭلىكى 2.84 مېتىر، يەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، يەڭ ئاغزى كەڭلىكى 17 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چاپاننىڭ يوغانلىقىدىن هازىرقى ئادەملەرگە باب كەلمەيدۇ. بويىمۇ سۆرۈلۈپ قالىدۇ. چاپان بىلەن بىرگە تېپىلغان قۇرئاننىڭ قېتىدا ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋاگەرلەرنىڭ بىرپارچە توختام هۆججىتى ساقلانغان. هۆججەت بىر پارچە پالاڭ قەغەز (خوتەن قەغىزى) گە يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەغەزنىڭ كېسىلگەن جايىغا خەت يېزىلىپ، خەتنىڭ يېرىمى كۆتىكى تەرەپتە قالغان، يەنە يېرىمى هۆججەت تەرەپكە چىققان. هۆججەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېنىچە قىلىپ دەۋاگەرلەرنىڭ ئىسمىنى يازدۇرۇپ، قارا سىياھ بىلەن بارماق ئىزىنى باستۇرغان.

## هۆججەتنىڭ تېكىستى

«لەڭگەرچى ئابدۇل ئەهەد موللا هەمزە
ئىگىچىم پاتىمە دېگەننى قويۇپ بەردى دەپ
دادخا قىلىپ، هەق هىشتەيگە ئىككى ئولاق

ئاشلىق،
بىر كىگىز، بىر تاغار يوتقان، تەكىيە، بىر جۈپ
چىنە،
ئىككى ئاياق، بىر ئىمچە، بىر كۆڭلەك، بىر
ئۆتەك،
بىر ئەچكىنى بېرىپ چىقارغان، ئانىسىدىن كىيىپ
كەلگەن
فىرەجى كۆڭلەك، بۆرەك تۇگمەسىگە، بىر
غوناجىن
ئون تەڭگە پۇلنى قانىيار قازى، نەپرە قوزى
دۇبە بېگى، مۇھەممەد يۈز بېگى، ھېلىم ئاقساقال
خوجايار كۆكبېشى، موللا خېلىلنىڭ ئالدىدا
بېرىپ، مۇندىن كېيىن موللا ھەمزىگە دەۋا
قىلماسلىققا تەمتەكلەپ قول بېسىپ
خەت ئېلىشقان ..........»
ئۈچ پاي ئايالچە ئۆتۈك، ئىنچىكە پاشنىلىق بولۇپ،
باشلىقىغا تۇمشۇقىدىن باشلاپ، قونچىنىڭ ئۈستىگىچە
رەڭلىك مەشۇت يىپتا پۆپۈك قويۇلغان. يەنە بەش نەپەر
قىزنىڭ جەڭ خاتىرىسى ۋە ۋەسىيەت سۆزلىرى يېزىلغان
بىر پارچە ھۆججەتمۇ تېپىلغان. تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ
ھەممىسى قۇم ئاستىدا ساقلىنىپ كەلگەن.
يۇقىرىقىدىن باشقا، بەزى يادىكارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بىرقانچە كىشىلەر بىرلىكتە كۆرگەنلىكىگە ئىسپات بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ قولۇمغا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختالمايمەن.

## 5

«يېرىندا تام» باشلاقچىدىن جەنۇبقا قاراپ 18 كىلومېتىر ماڭغاندا بارغىلى بولىدىغان جاڭگالدىكى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ ھازىرقى نامى.

بۇ جايدا بىر يەرگىلا بىر ـ بىرىگە ياندىش ئايرىم ـ ئايرىم سېلىنغان تۆت قەلئە بار بولۇپ، تۆت قەلئەنىڭ سوقما سېپىلى شەھەرنىڭ تۆت كوچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر بىر قەلئەنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ خارابىسى بار. تۆت قەلئەنىڭ ئارىلىقىدا شىمالدىن جەنۇبقا بىر كوچا، شەرقتىن غەربكە بىر كوچا كرېست شەكلىدە تۇرىدۇ. يەنە شەرق تەرەپتە بىر سېپىل، شەرقىي شىمال تەرەپتە بىر قاراۋۇلخانىنىڭ خارابىسى بار.

بۇ جايدا 1982 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشتە 150 ئېغىزدىن ئارتۇق كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بار ئىدى.

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھادى

دانىش (ئۇۋچى) ، سۇلايمان ھېكىملەر يول باشلاپ بازغاندىكى تەكشۈرۈشتە نۇرغۇنلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، ئىلگىرىكىدىن ئاز قالغان . بۇ جايدا رەتلىك قىلىپ ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ سالغان ئۆيلەر ، چوڭ مېھمانخانىلار ، نۇرغۇن ئۆيلەرنى قوينىغا ئالغان ھويلا ۋە باشقىلار بار بولۇپ ، ئۇنىڭ تاملىرىدا مېھراپ شەكىللىك ئەگمە ئۇيۇق ، يان مورىنىڭ ئىزلىرى بار . شەھەر كوچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە 135 مېتىر جايدا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە قالغان سېپىل ئورنى بار . شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئايرىم سېلىنغان بىر قاراۋۇلخانىنىڭ يەر يۈزىدىن تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە دۆڭ بولۇپ قالغان ئولپاڭلىرى بار . ئۈستىدە كۆيگەن چىرىندىلەر ، ياغاچ پارچىلىرى ، كۈل ، كېسەك قاتارلىقلار بار . شەھەرنىڭ كۆرۈنۈشى بىر گەۋدىدىن يېرىلغان تۆت ئەزاغا ئوخشاش تۆت جايغا بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي كۆرۈنۈشگە قاراپ «يېرىندا» دەپ ئاتىغان . خارابىلىقنىڭ شىمال تەرىپىدە مۇندىن 57 يىل بۇرۇن (1940 ـ يىل) 400 مودىن ئارتۇق قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى بولغان ئىكەن . يېقىنقى يىللار مابەينىدە كۆپ قىسمىنى مال ـ دۇنيا قازغۇچىلار ۋەيران قىلىۋەتكەن . ھازىر ئازراقلا ئىز ـ ئورنى بار . خارابىلىقنىڭ ھەممە يېرىدىن ئوخشاشلا كۆيگەن ئۆي جەگىلىرىنىڭ پارچىلىرى قاتارلىق كۆيۈندىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاشكارىلانغان . شەھەرنىڭ خېلى يىراق جايلىرىدىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەھەللىلەرنىڭ بىر قەدەر تارقاق ھالدىكى پارچە - پارچە ئۇلپاڭ ئىزلىرى ياكى يېرىم - ياتا تاملار بار . ئەتراپىدا ئېتىز - ئېرىق ئىزلىرى ، چوڭ ئۆستەڭ ئورنى ، مېۋىلىك دەرەخ ، تېرەك - سۆگەت كۆتەكلىرى قاتارلىقلار بار . خارابىلىققا يېقىن جايلاردا دۆڭ زەرات ، جۇۋازخانا ، كەپتەرخانا ، ئوي بازار ، بەگلىك ئۆي دېگەن جايلار بار . جەنۇب تەرەپكە قاراپ 19.1 كىلومېتىر ماڭغاندا «ئوتتۇز كېمە» شەھەر خارابىسىغا يارغىلى بولىدۇ .

## 6

«ئوتتۇز كېمە» يەكەن دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنى بويىغا سېلىنغان چوڭ يول ئۆستىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى . بۇ دولانلىقلارنىڭ ھاياتىدىكى ئىنتايىن چوڭ بىر تارىخىي ۋەقە ، يەنى قۇربان ۋە سۇبھان ئىسىملىك ئاكا - ئۇكىلار يېتەكچىلىكىدە جۇڭغارلارغا قارشى قوزغالغان «ئوتتۇز كېمە قوزغىلىڭى» مۇشۇ جايدا قوزغىلىپ ، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ جايىنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يادنامىسى قىلىپ «ئوتتۇز كېمە» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن . ھازىر بۇ شەھەر خارابىسىدا 20 ئېغىز ئەتراپىدىكى ئۆينىڭ تاملىرى بار ،

قالغانلىرى ئۆرۈلۈپ تۈگىگەن. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى يۇلغۇنلۇقتا «زىندان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر چوڭقۇرلۇق بار بولۇپ، ھازىرغىچە تىنىپ ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قالغان. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبى بۇرجىكى تەرىپىدە قەبرىگاھلىق بار. سىرتقا ئېلىپ تاشلىۋېتىلگەن جەسەتلەرمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىگە يانداش بەش مو ئەتراپىدىكى چارۋا ئېغىللىرىدا قىغلار تامامەن كۆيۈپ داشقال بولۇپ قالغان. ئۈستىدە كۆيگەن ۋە چالا كۆيگەن ياكى كۆيمىگەن ھايۋان سۆڭەكلىرى بار. ھازىرقى ۋاقىتتا خارابىلىقنىڭ ھەممە يېرى كولانغان. قېزىپ چىقارغان ئولپاڭنىڭ ئارىسىدىن ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ بەخت ئامەتنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئەتىۋارلاپ كەلگەن بىر دانە بۆرە ئوشۇقى بىلەن بىر پارچە كۆيۈپ بولالمىغان كىگىزنىڭ پارچىسى تېپىلغان. قارا قوينىڭ تىۋىتىدە پۇختا ئىشلەنگەن كىگىزنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، تىۋىتلىرى مۇستەھكەم يوپۇشۇپ كەتكەنلىكتىن قىللىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئاستىغا سېلىپ ياتسىمۇ بەدەننى تاتىلمايدۇ. ھەتتا قۇم، توپىلارمۇ سىڭمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا دولانلىقلارنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن ئىشلەپچىقارغان بۇ خىل تاۋار ئەۋرىشكىسى ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى، قول ھۈنەر سەنئىتى جەھەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماھارەت ـ ئىقتىدارىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بۇ شەھەر خارابىسىدا ھەر خىل غەيرىي گۈللۈك چىنە سۇنۇقلىرى ، رەڭلىك ساپال چەينەك ، ھېجىر، ئىدىش پارچىلىرى ، ياغاچ تاغاق ۋە سەنشىنىڭ ئالەمگە مەشھۇر جانان چىنىلىرىنىڭ سۇنۇقلىرى بار . 1976 ـ يىلى ئاراللىق مەھەممەت سالى ئىسىملىك مالچىغا بۇ خارابىلىقتىن ئېچىلىپ قالغان ئىككى پارچە پالاز بىلەن ئىككى پارچە قولىيازما كىتاب ۋە باشقا خەت ـ چەكلەر ئۇچرىغان . پالاز ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئاق ـ قىزىل يوللۇق قىلىپ ، يۇمشاق قوزا يۇڭى بىلەن توقۇلغان . ئۇنىڭ نەپىسلىكى كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . قولىيازما كىتابلارنىڭ بىرى كىشىلەر قولىدا يوشۇرۇلغان . قولۇمغا چۈشكەن بىرى «مۇجەلىپى» تەخەللۇسلۇق ئاپتورنىڭ «گۈلنورۇز» ناملىق مۇھەببەت داستانى بولۇپ ، بۇ كىتاب ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ئارىيەت ساقلانماقتا .

«ئوتتۇز كېمە» نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 26 كىلومېتىر يىراق جايىدا تارىختىكى مەشھۇر دولان ھاكىمى سائادەت بەگنىڭ گۈمبىزى بار . قەبرىستانلىق بار جاي «ئاق موللا كۆل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ جايدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ 16 كىلومېتىر ماڭغاندا جاڭگالدىن چىقىپ

شاقۇر دائىرىسىگە بارغىلى بولىدۇ.

## 7

«سەردار گۈمبىزى» — «ئەختەم بۇزۇرگاھ» نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كونا قەبرىستانلىقنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، غەرب تەرىپىدە «غېزى گۈمبىزى»، «مۇرات — مەقسەت ئاتا» مازىرى، شەرقىدە «سىراش گۈمبىزى» (گۈمبەز تالا)، شىمالىدا «ئەسكەر ئۆلدى» قەبرىستانلىقى بار.

«سەردار گۈمبىزى» ناملىق قەبرىسانلىقتا بىر — بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تۆت خىل شەكىلدىكى قەبرە بار. ئۇ ئىلگىرى — كېيىنكى دەۋرلەردىكى دولانلىقلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئادەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1 — خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى: بۇ قەبرىستانلىقنىڭ باشلىنىشىدا بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى، تۆت تېمى چاسىلانغان ياغاچ بىلەن يۆتتۈرۈلۈپ، يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلىنىپ 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى چاسلانغان ياغاچ بىلەن مىخلاپ يېپىلغان. كۆرۈنۈشى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلغان بىر خىلىغا ئوخشىشىدۇ. لەھەت شەرق — غەرب يۆنىلىشىدە

بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرى دەپنە قىلىنغان.

2 ـ خىلدىكى قەبرە يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ساندۇق شەكىللىك قەبرە بولۇپ، مۇسۇلمانلار قائىدىسى بويىچە شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشىدە ياسالغان. قەبرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تېمى ئاستىغا قوزۇق قېقىپ، ئۈستىگە زەگىندى كېيدۈرۈپ، يەر يۈزىدىن 30 سانتىمېتىر ئېگىزگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ بېسىپ پۈتتۈرۈپ چىقىلغان. مۇردىنى كېپەنلەپ، بېشىنى شىمال تەرەپكە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۈستىنى ياغاچ بىلەن يامغۇر ئۆتمەيدىغان قىلىپ ياپقان. قەبرىگە بىر خىل ئۆلچەم بىلەن 20 سانتىمېتىردىن قىلىپ چاسلاپ راسلانغان ياغاچ ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرغىچە ئەينى ۋاقتىدىكىدەك پۇختا تۇرغان. بۇ قوزغالماس ساندۇق شەكىللىك ياغاچ قەبرە يەر يۈزىدىن 30 سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر، كەڭلىكى 2.60 مېتىر، ئۇزۇنلىقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، يىراق جايدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ساندۇق شەكىللىك قەبرىنىڭ ھازىرقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۈستىدىن ئۈچ تال ياغاچ قومۇرۇلۇپ، جەسەت ئاختۇرۇلغان. قومارغان ياغاچنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە

كېپەنلىك ماتانىڭ پارچىلىرى تۇرۇپتۇ. بۇ دولانىلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى ۋاقتىدىكى قەبرىسى بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەركان ـ قائىدىلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆتكەن ئەجدادلىرىنىڭ تۇپرىقىنى تاشلىماي، يېنىغا دەپنە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.

3 ـ خىلدىكى قەبرە تۈزۈلۈشى: ساندۇق شەكىللىك قەبرىنىڭ 10 مېتىر يىراقلىقتىكى شەرق تەرىپىدە كېسەك بىلەن تۆت چاسا قىلىپ قوپۇرۇپ ئۈستىگە قۇببە چىقىرىلغان يوغان گۈمبەز بولۇپ، «سەردار گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1986 ـ يىلى كىشىلەر چېقىپ بىر تېمىنىلا قويۇپ قويغان. بۇ جاينى ئىلگىرى كۆرگەنلەر گۈمبەزنىڭ ئىچىدە قۇدۇقتەك بىر چوڭقۇرلۇق بار ئىدى، دەيدۇ. ھازىر كېسەك دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق ئەھۋالى نامەلۇم.

4 ـ خىلدىكى قەبرە تۈزۈلۈشى: يۇقىرىقىنىڭ شىمال تەرىپىگە يانداپ داۋاملاشتۇرۇلغان كەڭ زەراتكارلىق بولۇپ، ناھايىتى كەڭ جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەم جەسەتلىرى تۇپراق ئاستىدىكى گۆرگە قويۇلغان. ئادەم كۆمۈلگەن جايغا تۇغ شادا قادالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر زەراتكارلىقلىرىغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 8

«كۆك ساراي» — «ئاچىدۆك» ئەتراپىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ ئەگىلدىغان دوقمۇشىغا سېلىنغان دولانىلقلارنىڭ قەدىمكى ۋاقىتدىكى پايتەخت قىلغان كاتتا شەھەرنىڭ نامى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋەيران بولغىنىغا بەك ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شەھەرنىڭ ئورنى دۆڭلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ قاتتىق بوراندىن كېيىن ئېچىلىپ قالغان ھەشمەتلىك ئوردا سارايلىرىنىڭ كۆك، قىزىل سىرلانغان ۋاسا ۋە نەقىشلەنگەن تاختايلىرى، ياغاچلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

كۆك سارايىنىڭ ئالدىدا بىر قۇدۇق بار. ئارقا تەرەپتە تەخمىنەن 300 مو ئەتراپىدا قەبرىستانلىق، 1500 مېتىر ئەتراپىدا پەس قالغان سوقما سېپىل بار. «فىرقىنىڭ قۇمى» بىلەن «گەمە ساڭ» ئارىلىقىدا 1.5 مو كېلىدىغان بىر مەسچىت، ئىككى جايدا چوڭ قەبرىستانلىق بار.

## 9

«لەڭگەر قۇدۇق» — قەدىمكى زامانلاردىكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەسلىدىكى ئورنى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كۆرگىلى

بولمىسمۇ ، ئەتراپىدا دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئورنى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى سۇ قاينىمىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر «چول» بار . شۇنداقلا توغراق ۋە يېپىنچا ئورمانلار بار .

## 10

تال قۇدۇق خارابىلىقى ــ بۇ جاي يەكەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، قەدىمكى ئىزلار قۇم ئاستىدا قالغان . 1976 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى كىشى قۇملۇقنى قېزىپ ، ئۈچ چاپان ، بىر دانە دەستار ، بىر دانە سەيلە ، بىر دانە ياقۇت كۆزلۈك خەنجەر ، كۈمۈش گويەك ۋە باشقا مۇھىم زىننەت بۇيۇملىرى ، شايى رەخت ، كىتاب ، خەت ـ چەك قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپقان . بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاشكارىلىنىپ كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن ، بەزى كىشىلەر بۇ يەرنى ئارقىمۇ ئارقا قېزىپ ئاختۇرغان . نەرسە تېپىۋالغۇچىلار زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ كەتكەندىن تاشقىرى ، كىتاب ، ھۆججەت ، شايى رەخت قاتارلىقلارنى ئىشان ۋە تىلەمچىلەرگە بېرىۋەتكەن ئىدىم ، دەپ گەپنى تۈگەتكەن . بۇلاردىن بىر قىسمى تېپىلغان . بۇلار:

(1) ئەرلەر كىيىدىغان بىر دانە بەقەسەم جاپان ــ بۇ قىزىل ، سېرىق يوللۇق قىلىپ توقۇلغان يوللۇق

بەقەسەمدىن داكا بىلەن ئەستەرلەپ ، شىرىق قىلىپ قولىدا تىكىلگەن بولۇپ ، قېتىغا قەغەزدەك قېلىنلىقتا بىلىنگۈسىز دەرىجىدە پاختا يالىتىپ ، بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە شىرىق قىلىپ تىكىلگەن . چاپاننىڭ بېلى تار ، ئېتىكى كەڭ ، يېڭى تار ھەم ئۇزۇن ، چاپاننىڭ بويى 1.20 مېتىر ، بەل 1.34 مېتىر ، ئېتەكنىڭ كەڭلىكى 2.60 مېتىر ، يەڭ 85 سانتىمېتىر ، يەڭ ئاغزى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ . ئۇنىڭغا تونچە ياقا سېلىنغان بولۇپ ، ئوڭ تەرىپى قىسقا ، كۆكرەككە كېلىدۇ . سول پەش ئۇزۇن ، قولتۇققا يېتىدۇ . قولتۇق ئاستىدىن بىر ، بىقىنىدىن بىر ، ئىككى جايدىن بوغقۇچ بىلەن ئېتىدۇ .

(2) ئايالچە چاپان — سىرىق بەقەسەمدىن تىكىلگەن . تىكىلىشى ئەرەنچە چاپان بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، بۇنىڭ پەشلىرى تۈز ، بوغقۇچ بىلەن ئەمەس ، ئالدىنى ئۈزمە بېكىتىپ ، تۈگۈلگەن يىپ تۈگمە بىلەن ئەتكەن . ئۇنىڭ شەكلى بەك يارىشىملىق بولۇپ ، بويى 1.25 مېتىر ، بەل 84 سانتىمېتىر ، ئېتەكنىڭ كەڭلىكى 2.24 مېتىر، يەڭ 75 سانتىمېتىر ، يەڭ ئاغزى كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ . يەڭنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە جەينەكنىڭ ئۇدۇلى تەرەپتە خۇددى يانچۇقنىڭ ئاغزىدەك چىرايلىق ئىشلەنگەن يەڭ ئاغزى بىلەن باراۋەر چوڭلۇقتىكى تۆشۈك بار . بۇ چاپانلارنىڭ يەڭ ئۇزۇنلۇقى ھازىرقى چاپانلارنىڭ

يەڭلىرىدىن 30 سانتىمېتىر ئۇزۇن بولغاچقا، ئاياللار ئىش قىلغان ۋاقتىدا قولىنى ئاشۇ تۆشۈكتىن چىقىرىپ ھەرىكەت قىلغان.

(3) «سەيلە» — ھازىرقى زاماندا پوتا ياكى بەلۋاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللار قوم ئاستىدا تۇرۇپمۇ رەڭلىرى ئۆڭمەي ۋە چىرىپ كەتمەي ساقلانغان. ئۇ توق قىزىل رەڭلىك «پىلە» يىپى بىلەن غەلۋىر كۆزلىرىدەك شالاڭ قىلىپ توقۇلغان. ئۇزۇنلۇقى 2.20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئۇچىدا توقۇلغان يىپىدىن قالدۇرۇلغان 20 سانتىمېتىردىن چۇچىسى بار بولۇپ، تەۋرىنىپ تۇرىدۇ.

(4) «دەستار» — بىر پارچە ئاق داكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 8.72 مېتىر كېلىدۇ. ئىنى 24 سانتىمېتىر بولۇپ، مەخسۇس سەللە ئۈچۈنلا توقۇلغان. ئۇنىڭ يىپلىرى تەكشى، چىداملىق بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى داكىدىنمۇ سۈپەتلىك كېلىدۇ.

سەللىنىڭ بۇنداق ئۇزۇن بولۇشىغا كەلسەك، ئىسلام دىنىدىكىلەر ناماز ئوقۇغاندا باشقا دەستار (سەللە) يۆگەپ ئوقۇشنى ئادەت قىلغاچقا، ئۇنى ناماز ئوقۇغاندا ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ ئۈستىدە ئارغامچا ئورنىدا يۇقىرىغا چىقىش، پەسكە چۈشۈشتە پايدىلىنىش، ئۆلسە كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈن شۇنداق ئۇزۇن قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 11

«قۇم گىرەم» — بىر مەھەللە ياكى بازارنىڭ نامى بولۇپ، يەكەن دەرياسى بويىدىكى ناھايىتى مۇنبەت بىر جايغا جايلاشقان. ھازىر ئۇ يەردە توغراق، يېپىنچا ئورمانلىرى بار. بۇ يەردە يەنە بىر نامسىز مازار بار. بۇ ئەسلىدە كەڭ قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى بولۇپ، باشقىلىرىنىڭ ئىزى ئۆچكەن بولسىمۇ، يوغان يۇلغۇن ئاستىدىكى نامەلۇم كىشىنىڭ جەسىتى بۇزرۇكۋار ئاتىلىپ مازار شەكىللەنگەن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىر گۇناھسىز ئىنساننىڭ تۇپرىقى دەپ قارالغان. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قايتا يېتىپ كېلىشى بىلەن ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكىلەردىن شايارلىق مامۇت پەنجىسەپ دېگەن كىشى نەچچە مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، غوروچۆل بىلەن قۇم گىرەمگە يېتىپ بارغان. ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن تەمىناتنى ھەل قىلالماي يول ئۈستىدە ئۇچرىغان چارۋىلارنى بۇلاپ ھەيدەپ مېڭىپ، قۇم گىرەمگە بارغاندا غوروچۆلنىڭ قىياققۇدۇقلۇق مامۇت قارىمنىڭ ئاتىسى مەمەت سىدىق موللامنىڭ بوۋىسى ئىسلام

بوۋا دېگەننىڭ چارۋىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئىسلام بوۋا بىلال دېگەن چاكىرىنى تەيىنلەپ، ئاۋاتقا مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا ئاۋاتتا زۇ لىتۇڭ ئىسىملىك بىر ھەربىي ئەمەلدار تۇرغانىكەن. ئۇ 200 ئەسكەرنى باشلاپ بىلالغا ئەگىشىپ قۇم گىرەمگە كەلسە، ھېچقانداق ئادەم قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. زۇ لىتۇڭ بىلالدىن گۇمانلىنىپ، بىزنى ئالداپسەن، دەپ شۇ جايدىلا چاناپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئالدىدىكى يۇلغۇن تۈۋىدە ئۇخلاپ قالغان بىر دەرۋىش ئويغىنىپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەر بىلالنى تاشلاپ دەرۋىشنى چاناپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جايدا مازار شەكىللىنىپتۇ.

قۇم گىرەمدە ھازىرمۇ نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك گەمىلەرنىڭ ئورنىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئورمان چارلىغۇچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇلار توغراقلىقنىڭ ئارىسىدا بالا بۆلەيدىغان بۆشۈك، ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىنىڭ سۆڭەكلىرى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە يەنە يىپ ئىگىرىدىغان چاق، پاختا ئاتىدىغان دۇكان قاتارلىقلارنىمۇ ئۇچراتقان.

## 12

«تۆرە كۆل» بىلەن «غۇگىلىماچ» ئارىلىقىدا نامسىز

www.uyghurkitap.com

خارابىلىق بار. مەسچىت تاملىرى بىلەن كەڭرى قەبرىگاھلىق ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە پەرقلىق قەبرىلەر بار. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ساندۇق شەكىللىك قەبرە بىلەن ئوخشاش قەبرىلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، ئاۋاتىنىڭ كۇلاس، ئەلەمقۇدۇق دېگەن كەنتلىرىدىن ئۈچ ئادەم ئۇ يەرگە بېرىپ، قەبرىلەرنى چۇۋۇپ ياغاچلىرىنى داۋاملىق ئاۋات بازىرىغا ئەكىلىپ ساتقان. جەسەتلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇ يەرنى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكتىن، ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تونۇشتۇرۇشىمىزغا ئامال بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇ يەردە بىر پاي ھارۋا چاقى، يىپ ئىگىرىدىغان چاق قاتارلىقلار ئۇچرىغان. 1987 ـ يىلى شۇ ئەتراپتىكى قۇم بېسىۋالغان بىر گەمىدىن نۇرغۇن ماتا بىلەن ماتادىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىپ تېخى ئىشلەتمىگەن بىر داستىخان تېپىلغان. يەنە «سەكسەن گىرەم»، «دۆڭ زارات» دېگەن جايلاردىنمۇ ئىشىك، تۈنۈك قويۇلماي كۆمۈۋېتىلگەن، ئۈستىدە ماڭسا بىلىنىپ تۇرىدىغان گەمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق، دېگۈچىلەرمۇ بار.

قىرىدىكى مەشھۇر مازارنىڭ نامى. دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدە «ئەختەم بۇزۇرگاھ»، شىمال تەرىپىدە «باش ئالغۇچ»، «قالماق قۇم» دېگەن جايلار بار بولۇپ، ئوتتۇرىنى پەقەت دەريا ئايرىپ تۇرىدۇ.

مازار بار جايدا ئېگىز دۆڭلۈكلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەختەمنىڭ جەسىتى قەبرىستانلىقنىڭ ئەڭ باش (شىمال تەرەپ) تىكى بىر دۆڭنىڭ تۆۋىگە قويۇلغان. يەنە بىرگە قويۇلغان كىشلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق جايدا تۇغ ـ شادا بار. (ھازىر 1000 دىن ئاشىدۇ. چارۋىچىلار، ئورمانچىلار يىراق جايلاردىن جەسەتلەرنى مازارغا ئەكىلىپ دەپنە قىلىدۇ). ئەختەم دېگەن ئەسلىدە دولان قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، جۇڭغارلار ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كەلگەندە، ئۇ قوشۇنلىرى بىلەن دۆڭلۈكلەرنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، دەريادىن ئۆتكۈزمەي ئۇلارنىڭ ھۇجۇمنى كېچىكتۈرگەن. «باش ئالغۇچ»، «قالماق قۇم» دېگەن بۇ ناملار دولانلىقلار بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئاساسەن پەيدا بولغان.

جۇڭغار قوشۇنلىرى ئەختەمنىڭ زەربىسى بىلەن ئىلگىرىلىيەلمەي، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلىشىپ تۇرۇپ قالغان، شۇڭا بۇلار تۇرغان جاينى كېيىن كىشلەر «قالماق قۇمى» دەپ ئاتىغان. ئاخىر دۈشمەن تەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك كېلىپ، ئەختەمنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلگەن، ئەختەم قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ بەزىلىرى دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشكەن. جۇڭغار قوشۇنلىرى ئەسىرلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ قۇملۇقتىكى بارگاھىنىڭ يېنىدا جازا مەيدانى قۇرۇپ، ئەسىرلەرنىڭ بېشىنى كەسكەن. بۇ جاي شۇندىن باشلاپ «باش ئالغۇچ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كېيىنكىلەر قەھرىمان ئەختەمنىڭ كۈرەشچان، باتۇرلۇقىنى ئەسلەپ، ئۆز مىللىي قەھرىمانلىرىنىڭ ياتقان جايىنى ئىزدىلەپ، دۇئا ــ تەكبىر قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جايغا مەسچىت سالغان ۋە مازار شەكىللەندۈرگەن. ھەر يىلى «تۈنەك» مەزگىلىدە بۇ جايغا قەشقەر، يەكەن، يوپۇرغا، مەكىت، ئاۋات، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى قاتارلىق جاي ــ جايلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ تۈنەيدۇ. باشقا چاغلاردىمۇ تىلاۋەتچىلەر كېلىپ ــ كېتىپ تۇرىدۇ. ئادەم كەم بولمايدۇ. نادانلار «ئەختەم» دېگەن ئىسىمدىن پايدىلىنىپ: «پەيغەمبەر رەسۇلۇللا بىلەن بىرگە ئۆتكەن ‹ئەختەم رەزىيەللاھۇئەنھۇ›نىڭ مازارى» دەپ گوللاپ تونۇشتۇرۇپ (ئۆزىنىڭ قىياسى بويىچە) ئەرەبلەشتۈرۈش بىلەن مازارنىڭ مۆجىزىلىك غايىۋى كارامەتلىرىدىن ئەقىلغا سىغقۇسىز دەرىجىدە ئەپسانىلار توقۇپ، تېخىمۇ ئۇلۇغلاشتۇرۇپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرگەن. ئېتىقادچىلار

بولسا، ئېنىقنى چۈشەنمەيدۇ.

## 14

«ناغراخانا» ــــ دولانلىقلار بارلىققا كەلتۈرگەن بىر مەدەنىي يادىكارلىق. دولانلىقلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى بارلىق جايلارغا هايت ـ هۇيت دېگۈچىلا ناغرا ساداسى بىلەن بۇيرۇق يەتكۈزۈش چارىسىنى قوللانغان. ناغرىنىڭ بۇيرۇق تۇسىدىكى شەرتلىك سادالىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن، شۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن هەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، ناغرا ساداسى يەتكۈدەك مەنزىلگە ئۇلاپ نۇرغۇن ناغراخانىلار سېلىنغان. جىددىي پائالىيەتلەرنىڭ هەممىسى ناغرىنىڭ ئۇرۇلۇشىغا قاراپ تېز پۇرسەتتە ئېلىپ بېرىلغان.

## 15

ئۆتەڭ ــــ ئاۋات بىلەن خوتەن يولى ئارىلىقىدىكى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چوڭ يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى. ئورنى خوتەن دەرياسىنىڭ ئاۋات زېمىنى دائىرىسىدىكى «زىل» دېگەن جايىدا بولۇپ، 1994 ـ يىلى غوروچۆل قىياققۇدۇقلۇق هەسەن توختى، مەخمۇد دېگەنلەر ئۇ يەردىن بىر دانە قوش غىلاپقا تىقىلغان قوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەنجەر، بىر كالتە شەمشەر، ئالتە دانە چاپان، بىر كۆڭلەك، ئىككى باش كىيىم، بىر ئۆتۈك، بىر دانە قىزغاچ (تۆت مېتىر) بىر دانە ئاياغ كىيىم، بىر دانە كىتاب قاتارلىقلارنى تېپىۋالغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراپ يوقالغان. كىيىم فورمىلىرى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تال قۇدۇقتا تېپىلغان كىيىملەرنىڭ شەكىللىرىدىن تامامەن ئۆزگىچە بولۇپ، يېقىندا يەنە بىر دانە ئېغىر مېتالمۇ بار ئىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ يەنە شۇ كەنتتىن تۇرەك سىدىق باشلىق تۆت كىشى قېزىپ، مارجان قاتارلىقلارنى تاپقان. يۇقىرىقىدىن باشقا، «مۇرات ـ مەقسەت ئاتا» مازىرى، «رېھىم قۇل بۇزۇرگاھ» قاتارلىق بىرقانچە مازارلار بار. «سائادەت بەگنىڭ لەمپىسى»، «تاپسا»، «غېجەك ئاستى» قاتارلىق ئەللىكتىن ئارتۇق ئەھمىيەتلىك جاي ناملىرى بار.

شەرق تەرەپ خوتەن دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەھەللىلەرنىڭ ئورنى، قەبرىستانلىقلار، ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر، «قىزىل تۇغ» نىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا شامال ـ بورانلاردىن كېيىن گاھىدا ئېچىلىپ، گاھىدا كۆمۈلۈپ قالىدىغان ئۈچ شەھەرنىڭ تاملىرى، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخ بىلەن تولدۇرۇلغان بىر باغنىڭ قاخشاللىرى بار. يەنە «زىل»، «تا»، «كاللائاستى»

قاتارلىق دەريا ۋادىلىرىدىكى ئادەم ياشىغان جايلاردا يۈزدىن ئارتۇق يەر ـ جاي ناملىرى بار. تېخى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرمىگەن نۇرغۇن جايلار، تارىخىي يادىكارلىقلار، يازما خاتىرىلەر بار. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس تەرىقىسىدە سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئېغىزاكى تارىخلار بار.

### 6. مىنگو دەۋرىدىن ھازىرغا قەدەر بولغان مەزگىلدىكى ئاۋاتنىڭ جىسا، شاڭيې، ھاكىملىرى

ئاۋات ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئاقسۇنىڭ بىر رايونى ئىدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (مىلادى 1912 ـ يىلى) دىن باشلاپ ئاۋاتنى ئۈچ رايونغا ئايرىپ، ئۈچ رايوننى باشقۇرۇش ئۈچۈن ناھىيە ئورنىدا بىر «جىسا» پونكىتى قۇرغان. ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم بەكرى پاششاپ «جىسا» بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پاششاپ بىلەن جىسا ئايرىم تەيىنلىنىپ، تامتوغراقتىن نىياز ھاجى، كەلپىن مەھەللىسىدىن قۇۋان جىسا قاتارلىقلار جىسا بولغان، بەكرى پاششاپ ئىككى يىل جىسا بولغاندىن كېيىن، جىسالىقتىن قېلىپ، پاششاپلىقنى قىلغان.

1922 ـ يىلى جىسا پونكىتى ئەمەلدىن قېلىپ ئورنىغا شۆبە ناھىيە قۇرۇلۇپ، 1930 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭغا ئىش بېجىرگۈچى (ياكى ئىش باشقۇرغۇچى بەگ) قويۇلۇپ، شۆبە ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى

خەنزۇچە شەنزۇ دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار بولسا، گاھىلىرىنى بەگ، گاھىلىرىنى شاڭيې دەپ ئاتىغان. شۆبە ناھىيىگە:

1922 ـ يىلىدىن 1925 ـ يىلىغىچە ئايكۆل مەھەللىسىدىن تەۋەككۇل بەگ باشلىق بولغان (ئۇ باشلىق بولۇپ ئاۋاتنىڭ چوڭ خانىقاسىنى ياساتقان).

1925 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە تامتوغراقلىق موللا شاڭيې باشلىق بولغان.

1927 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە ئارال مەھەللىسىدىن يۈسۈپ بەگ ھاجى باشلىق بولغان.

1929 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە قۇمباش مەھەللىدىن ھوشۇر ھاجى باشلىق بولغان.

1930 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاۋات 3 ـ دەرىجىلىك رەسمىي ناھىيە بولۇپ تەستىقلانغان. ناھىيە باشلىقلىرى ئامبال (ئامبان)، دارىن، شيەنجاڭ، ھاكىم دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ناھىيىنى بىرنەپەر شيەنجاڭ، بىر نەپەر فۇ (مۇئاۋىن) شيەنجاڭ باشقۇرغان. شيەنجاڭنىڭ ئىشلەش مۇددىتى يوق بولۇپ، بىرەر ئىش يۈز بەرسە ياكى كىشىلەر نارازى بولۇپ ئەرز قىلسا، دەرھال تەكشۈرۈپ ئورنىدىن يۆتكەپ تۇرغان، بىر ئاي، بىر يىلدىمۇ ئالمىشىپ تۇرغان. ھاكىمىيەت ھوقۇقى شيەنجاڭنىڭ قولىدا بولغان.

شيەنجاڭلار (ھاكىملار) :

1930 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايلارغىچە قۇمۇلدىن كېلىپ دولان مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان سايىم دېگەن كىشى يېرىم يىل ئەتراپىدا شيەنجاڭ بولغان. ئاندىن ئۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ پولكوۋنىك بولغان، كېيىن ئۇ، جەڭدە ئۆلگەن.

1930 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1931 ـ يىلغىچە سايىم شيەنجاڭنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇپتۇل دارېن شيەنجاڭ بولغان. دېھقانلار قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

1931 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە ۋاڭ لوشى شيەنجاڭ بولغان. ئۇ ئادەم قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋات بازىرى ئىچىدىكى قازانچى كاسىپلارنى توپلاپ بىر دانە زەمبىرەك ياساتقان. ئۇنى بازارنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئىمىش موللامنىڭ قۇملۇقىغا ئېلىپ بېرىپ ئېتىپ، نۇرغۇن جامائەتنىڭ ئالدىدا ھەيۋە كۆرسەتمەكچى بولغان. ئۇ بۇيرۇق بېرىپ زەمبىرەكنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقسىمۇ، زادىلا ئېتىلمىغان. ياسىغان قورالى كېرەككە كەلمىگەنلىكىدىن نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا رەسۋا بولۇپ، ئاتقا مىنىپ يامۇلغا قايتىپ كېلىپ،

ئۆيىدىكى سۇ قاچىلانغان مالتاقىقا بېشىنى تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

1932 ـ يىلدىن 1933 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئاقسۇ كوناشەھەرلىك مامۇتخان شيەنجاڭ بولغان.

1933 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1933 ـ يىل 6ـ ئايغىچە تەۋەككۇل بەگ 20 كۈن ئەتراپىدا شيەنجاڭ بولغان.

1933 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلغىچە ياقۇپ بەگ شيەنجاڭ بولغان.

1934 ـ يىلدىن 1936 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە قۇمۇللۇق ئىسمايىل دېگەن كىشى ئۈچ يىل ئەتراپىدا شيەنجاڭ بولۇپ تۇرغان. بۇ ئادەم ھەربىيدە پولكوۋنىك بولۇپ ئىشلىگەن. بۇنىڭ ۋاقتىدا ئىچكىرى ئۆلكىنىڭ خېيبې، شەندۇڭ خېنەن، خۇنەن قاتارلىق جايلىرىدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاۋات ناھىيىسىدىن 25 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە توپلاپ ئەۋەتكەن. ئۇ ئاۋات ناھىيىسىدە «مەھمۇدىيە» مەكتىپىنى سالدۇرغان. يەنە: «دارىلئاجىزىن»، «دارىلئتام» قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، ئاجىزلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغان. يېتىم ـ يېسىرلارنى ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، پەننىي مەكتەپنىڭ قانات يېيىشىغا ئاساس سالغان.

1936 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە

باي ناھىيىسىدىن كەلگەن ئەيسا بەگ شيەنجاڭ بولغان.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئىمىن بەگ دېگەن كىشى شيەنجاڭ بولغان. 11 ـ ئايدا ئۇنى ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇپ كېتىپ، جاڭگالغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىمىن بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ ئاينىڭ ئىچىدىلا ھەسەن بەگ تەيىنلىنىپ، 1937 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1938 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە شيەنجاڭ بولغان.

1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە كۇچالىق مەتىمىن بەگ شيەنجاڭ بولغان.

1938 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1939 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە ۋاڭ ۋېنزۇ شيەنجاڭ بولغان. (ئۇ، ماناستا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە سۆزنى تولۇق بىلەتتى).

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل ئاخىرىغىچە شەرقىي شىماللىق خەن خۇيمىڭ شيەنجاڭ بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلار قىلىندى. 1940 ـ يىلى ھازىرقى بازار 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە يانداپ زامانىۋى خەلق كۇلۇبى سالدۇردى. ئۇنىڭدا كىنو، تىياتىرلار قويدۇرۇپ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. ھەرقايسى مەھەللە ـ ئايماقلاردا مەكتەپ سالدۇردى. بازار كوچىلىرىنى كېڭەيتتى. يېڭى قۇرۇلۇشلار قىلدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەھەللە ئىچى ۋە جاڭگاللاردىكى بىكار يەرلەرنى ئاچتۇردى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، سۇ مەنبەيىنى راۋانلاشتۇردى. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاۋاتنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى.

1942 ـ يىل ئاخىرىدىن 1943 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە پاك گوجېن شيەنجاڭ بولغان. بۇ ئادەم، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دېموكراتىك سايلىمىدا ئۆز كۆڭلىدىكى ئادىمىنى نامزاتلىققا قويغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ۋىلايەتكە ئەرز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قولغا ئېلىنغان.

1943 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە سىچۈەنلىك ياڭ يەنچىڭ شيەنجاڭ بولغان. 1945 ـ يىلى سەككىز ئوتاق كەنتىنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ قولغا ئېلىنغان.

1945 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى خۇنەنلىك ياڭ مىڭدۇڭ شيەنجاڭ بولغان. 12 ـ ئاي مەزگىلىدە ئۇنىمۇ قولغا ئالغان.

1945 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە يەكەنلىك قاسىم بەگ شيەنجاڭ بولغان.

1946 ـ يىلى ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى

بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتاقلىق زىيالىيلاردىن ئاۋات بازار ئىچىدىن (ئەسلى ئارال مەھەللىسىدىن) سەمەت ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سەمىدى 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە ھاكىم بولغان. بۇنىڭ ۋاقتىدا بىرمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىشقا قويمىغان. بازارغا ئۆي سالمىغان. ھەر جۈمە كۈنى بازاردىكى ناۋايلارنىڭ نانلىرىنى تاغار ـ تاغارلاپ سېتىۋېلىپ، مەسچىت ـ خانىقالارغا ئاپىرىپ كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا، تىلەمچى، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. خەلققە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ ئۆتكەن.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى ھاكىملار

1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، شۇ كۈندىن باشلاپ 1955 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە تۇرپانلىق ئابدۇراخمان سابىروف ھاكىم بولغان. بۇ ئادەم ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەركىبىدىن چىققان بولۇپ، ئاۋات خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ ۋاقتىدا ئۈچ ۋە بەشكە قارشى ھەرىكەت، ئىجارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۈرۈش ھەرىكىتى، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام، باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ غەلىبىلىك تاماملاندى.

1955 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1958 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئەمەت تۆمۈر (كەلپىندىن) ھاكىم بولغان.

1958 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1962 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئاقسۇ كوناشەھەرلىك كامال ئەمەت ھاكىم بولغان.

كامال ئەمەت يۆتكەلگەندىن كېيىن، بىر يىل ئىككى ئاي ئەتراپىدا ھاكىم ئۈزۈلۈپ قالغان. ئاندىن كېيىن، 1963 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە (ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدىن) ئىسمايىل قۇربان ھاكىم بولغان.

1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «ئىنقىلابىي كومىتېتى» قۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ھاكىممۇ سايلانمىغان.

1981 ـ يىل 9 ـ ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كېلىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلگەن. سايلام ئارقىلىق 1981 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئابدۇللا ھەسەن ھاكىم بولغان.

1987 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە

(ئاۋات يۇقىرىقى دولاندىن) ئابلەت ياقۇپ ھاكىم بولغان.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر توقسۇلۇق مەمتىمىن شايىدىن ھاكىم بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 106 يىللىق ئۆمۈردىن ئەسلىمە

**هاشىخان موللا ئىبراھىم**

(1886 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1993 ـ يىل 5 ـ ئايىنىڭ 15 ـ كۈنى ۋاپات بولغان)

مەن 1886 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتام موللا ئىبراھىم موللام (1868 ـــ 1938) ئەينى زامانىنىڭ داڭلىق دىنىي ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋات، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا نامى مەشھۇر بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كەڭ ئىدى. سىياسىي جەھەتتىمۇ مەلۇم ئىززەت ـ ئابرويغا ئىگە ۋە ھەرقايسى مىللەت ئەمەلدارلىرى بىلەنمۇ بېرىش ـ كېلىشى قويۇق بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەت ئەمەلدارلىرىمۇ ئاتامنىڭ ئىجتىمائىي ئابرويىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھىم ئىشلاردىمۇ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ گېپىنى يەرمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بېشىغا كۈن چۈشكەن ئەمەلدارلار، پۇقرالار، ھەرقايسى كەسىپ مۆتىۋەرلىرى ئاتامنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئاتام ئۇلارغا ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ياردەم بېرەتتى. ئاۋاتنىڭ

دىنىي ئالىملىرىدىن ۋە يۇرت ئەمەلدارلىرىدىن، بىر قەدەر نام ـ ئاتاق ئىگىلىرىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەلمەيدىغانلىرى يوق ئىدى. چىڭ دەۋرىدىكى دوتەي يامۇلىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئىبراھىم مەرەم، ھاشىم مەرەم قاتارلىقلار ئاتامنىڭ يېقىن ئۆلپەتلىرىدىن ئىدى. باشقىلىرىمۇ كەلسە ئاتام بىلەن كۆرۈشمەي ئۆتمەيتتى.

شۇ سەۋەبتىن، پۈتۈن ئاۋاتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھالىتى، ئاتاقلىق كىشىلىرى بىزگە بەكمۇ تونۇش ئىدى. مەن كىچىك چېغىمدىلا ئاۋات بازىرىدىكى ئىسمايىل موللامدا ئوقۇپ بىلىم ئالدىم. شېئىر ـ قوشاق ۋە تارىخ بىلىملىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتىم. شۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتكە ۋە تۇرمۇشقا بەك دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

### بۇرۇنقى ئاۋات

گۇاڭشۈي (1875 ـ 1907) زامانىدا ئاۋاتنىڭ بازىرى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، چوڭ كوچا، توغرا كوچىلىرى خېلى رەتلىك ئىدى. كوچىلارنىڭ ئۈستى يېپىقلىق، ئاپتاپ چۈشمەيتتى. توخۇ، تۇخۇم، بېلىق دېگەنلەرنى ھېچكىم ساتمايتتى ھەم ئالمايتتى. چۈنكى، گۆش ئەرزان، توخۇ، تۇخۇم ھەممە ئائىلىدە بار ئىدى. بېلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تـوتـقـۇچـىلار بولمىغاچقا، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە مىغ ـ مىغ ئـىدى. ئېـتـىـزلارغا سۇ قويغاندىمۇ نۇرغۇنلىرى سۇزۇلۇپ قالاتتى.

يـېـزىلارمۇ ئاۋات ئىدى. باغ كۆپ ئىدى. لېكىن بىر ئايـمـاقـنـىـڭ يـېرى بىر نەچچە باينىڭ ئىگىلىكىدە بولۇپ، ئوتـاقـچـىلار ئارقىلىق تېرىيتتى، مەسىلەن، هازىرقى ئايباغ يـېـزىـسـىـنـىـڭ تـۆۋەنـكـى ئىلەك 12 ـ كەنتى بىلەن 14 ـ كـەنـتـىـنىڭ پۈتۈن يەرلىرى ۋە 13 ـ دادۈينىڭ 1 ـ مەھەللە گـۇرۇپـپـىـسىنىڭ يەرلىرى ئىبراھىم مىراپ، قاسىم بەگ ۋە ئانا تەرەپ بوۋام باقىش ئاقساقالنىڭ ئىدى. ئاشۇ يەرلەرنىڭ هەمـمـىـسـىـنـى ئوتاقچىلار باشقۇراتتى. باشقا كەنتلەردىمۇ ئاسـاسـەن شـۇنـداق قـىلاتـتـى. بارا ـ بارا بالىدىن ـ بالىغا مـىـراس قـېـلـىـش سـەۋەبـى بـىـلـەن يەرلەر پارچىلىنىپ، بـەزىـلـىـرى باي بولسا، بەزىلىرى گادايلىشىپ، گادايلىرى يـەرنـى سېتىپ شۇنىڭ بىلەن يېرى بار ئائىلىلەر كۆپىيىپ كـەتـتـى. ئۇ زامانلاردا يـۇرتـنـى ئاقساقال، مىراپ، قازى، پاششاپ باشقۇراتتى. يامان ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسەتتى. پاهشـۇۋازلىق قىلغانلارنىڭ يۈزىگە قازان كۈيىسى سۇۋاپ، ئېـشـەكـكـە تـەتـۈر مىندۈرۈپ كوچىنى سازايى قىلدۇرۇپ بـولـغاندىن كېيىن، ئېشەك بىلەن قوشۇپ دولان دەرياسىغا تـاشلىۋېتەتتى. ئۇلارنى ئۇششاق باللار چالما بىلەن ئۇرۇپ سۇدىن چىققىلى قويماي ئەدىپىنى بېرەتتى.

«كا» دېگەنلەر ئەڭ چوڭ مەنسەپ ئىگىلىرى بولۇپ، ئاقسۇدىن كېلەتتى. ئۇلار ئوتتۇغات كىيىپ، كەيندە ئىككى تال چاچنى ساڭگىلىتىپ مانجۇلارنىڭ هاكىمىيەت فورمىسىنى كىيىپ يۈرەتتى. دېھقانلار يەر بېجىنى ئاقسۇغا ئاپىراتتى. ئاقسۇ ۋە ئاۋاتنىڭ بېجىنى قومباش مەھەللىسىدىن يۆسۈپ لوزۇڭ ئالاتتى. ئۇ قاشلىرى كۆزلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. باشقا سېلىقنى ئاقسۇدىن هاشىم مەرەم، ئىبراھىم مەرەملەر كېلىپ ئۇقتۇراتتى، ئالىدىغاننىمۇ، تۇتىدىغاننىمۇ شۇلار ئېلىپ كېتەتتى.

پۈتۈن خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى قازى سورايتتى، ئوغرىنى پاشىشاپ بىر تەرەپ قىلاتتى. قاتىلنى ئاقسۇدىن ئادەم كېلىپ ئېلىپ كېتەتتى. پەرمان ئىجرا قىلغۇچى گەدىنىگە لىچەن تاختاينى قىستۇرۇپ كېلەتتى.

بازار كوچىلىرىنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا كېچىسى پانۇس ئېسىقلىق بولۇپ، كوچىلار يورۇق تۇراتتى. ھەر بىر كوچىدا بىر نەچچە جىسەكچىلەر بار ئىدى. ئۇلار قوللىرىغا كالتەك ئېلىپ، ھەر سائەتتە بىر قېتىم، سائەت قانچە بولسا شۇنچىنى تاك ـ تاك قىلىپ ئۇرۇپ « ئەل ئامان ! » دەپ توۋلايتتى. بىز ئاۋازنى ئاڭلاپ، سائەت مۇنچە بوپتۇ، دېگەننىڭ ئورنىغا بىر جۇڭ بوپتۇ ياكى ئىككى جۇڭ بوپتۇ دەپ بىلەتتۇق. ھۆكۈمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپ خەلقتىن باجىنىلا ئالسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى.

بىز ئۇ چاغدا پادىشاھىمىزنى گۇاڭشۈي خان دەپ بىلەتتۇق. ئاۋاتنى مۇسابەگ ھاجى، باقىش ھاجى دېگەنلەر سورايتتى. مەن 20 ــ 21 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىمدا، خەنزۇ تىجارەتچىلەر خەيلىرىنى ئاق لاتىدا قاپلاپ، قاتتىق ماتەمدار بولۇشتى. بۇنىڭدىن «گۇاڭشۈي ئۆلۈپتۇ» دەپ ئاڭلىدۇق. ئارىدىن تۆت ــ بەش يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خەنزۇلار ئۇزۇن چاچلىرىنى چۇشۇردى. شۇنىڭ بىلەن «مىنگو كەلدى» دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق. بۇ چاغدا ھەممىگە ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ بەگ، شاڭيۇ دېگەنلەرنى قويدى. قىسقىسى، ھارۋىكەشتىن تارتىپ، قەلەندەرگىچە ھەممىنىڭ شاڭيۇسى بار ئىدى. مەسىلەن: مەدى بوۋا دېگەن كىشى قەلەندەرگە شاڭيۇ ئىدى. ئۇلاردىن قايسىسىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر گۇناھ قىلسا شاڭيۇسى مەسئۇل بولاتتى. كېيىن، بازارغا پاششاپقا قوشۇپ «جىسا» قويدى. پاششاپ بىلەن جىسا يەنىلا شۇ بىر كىشى ئىدى. دەسلەپتە بەكرى پاششاپ ئازراق ۋاقىت پاششاپ بولۇپلا، كېيىن جىسا بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن پاششاپ بىلەن جىسانى يەنە ئايرىپ، جىسا ئومۇمىي ئىشلارغا، پاششاپ پەقەت ئوغرىلىق ئىشلىرىغا قارايدىغان بولدى. يېزىلاردا ئەمەلدارلار ئايىنىپ كەتتى. ئەمەلدارلار

كۆپەيگەنسېرى زۇلۇم شۇنچە ئېغىرلاشتى. چوڭلىرىدىن كىچىكلىرىنىڭ زۇلۇمى يامان ئىدى. ھاكىمىيەت مۇقىمسىز بولدى.

ئەينى زاماندا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەربىر ئالتوپىلاڭ، قالايمىقانچىلىقلار ئاخىرىدا مۇقەررەر بىر ۋەيرانچىلىق ياكى بىرەر يېڭىلىق، جۈملىدىن بىر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىپ تۇردى. بۇرۇنقىغا نىسبەتەن ئاۋاتنىڭ سىرتقى جايلار بىلەن مۇناسىۋىتى كۆپەيدى. شۇڭا، بىر ۋەقە ئاياغلىشىپ يەنە بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش خەۋىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەممە كىشىنى تولىمۇ ئەنسىزلىككە سېلىپ تۇردى. كىملا كەلسە ئۆزىنىڭ بىرەر ئادەت ـ شەكىللىرىنى ئاز ـ تولا سىڭدۈرىدىغان بولغاچقا، تۇرمۇش ھادىسىلىرى بەزىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، بەزىلەرنى نارازى قىلىدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل رېئاللىقلار بىزدە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تارىخلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

يىللاردىن كېيىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايباغ يېزىسى ھازىرقى تۆۋەنكى ئىلەك (ئىلەك كەنتىنىڭ دۇچۈن ئېرىق مەھەللىسى) دە ئولتۇراقلىشىپ 1979 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇم. يەنى شەھەر ـ يېزا تۇرمۇشلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇرۇپ ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئاۋاتلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس نۇرغۇن ئۆزگىچە ئادەتلەرنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، سىرت بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە، بۇرۇنقى ئادەتلىرىمىز تامامەن دېگۈدەك تۈگەپ، ئۆزىمىزگە خاس نۇرغۇنلىغان ئادەت ـ شەكىللىرىمىزدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىدى. بىلىدىغانلار تۈگىدى. كېيىنكىلەردىن ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلىغان كۆچمە رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ھەركىم ئۆز ھېسسىياتى بويىچە سۆزلەپ يۈرگەنىنىمۇ كۆردۈم. مەن بۇ يىل 106 ياشقا كىردىم. مەن ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدىكى بىلگەنلىرىمدىن بىرەر تامچە بايان قىلغۇم كەلدى. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئەجدادلار ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشكە ئاز ـ تولا ياردىمىم بولۇپ قالار.

### 1. ئەسسالامۇئەلەيكۇم

يەتتە يېشىمدىن تارتىپ مەكتەپكە كىرگەندە مۇئەللىمىمىز بىزگە تۇنجى قېتىم «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» نى دەرس بېرىپ، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەر چوڭلارغا سالام بېرىش، ئاياللار ئەرلەرگە سالام بېرىش، كىچىكلەرمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سالام بېرىش، سالامنى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم بىلەن باشلاپ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىنەتتى.

ئەرلەر ياشلار ئالدى بىلەن چوڭلارغا سالام بېرەتتى. ئۇلار ئىككى قولىدا كۆرۈشەتتى. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن بىر قول بىلەن قول تۇتۇشۇپ، قوللىرىنى چىڭ قىسىپ سىلكىپ تۇرۇپ ياكى ھەر خىل چاقچاق بىلەن باشقىچە كۆرۈشىدىغان بولدى.

ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن سەككىز ـ ئون مېتىر يېقىنلاشقاندا بىر ـ بىرىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بېرىپ ھەر ئىككى مەڭزىنى ئىككى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئاياللارمۇ ئەرلەرنى دوراپ قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشىدىغان بولدى.

ئەر بىلەن ئايال كۆرۈشكەندە ئاياللارنىڭ مەيلى يېشى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئالدى بىلەن ئاياللار سالام بېرىشى كېرەك ئىدى. سالام بېرىش قائىدىسى ئىككى تىزىنى تۇتۇپ چوڭقۇر ئېگىلىشى كېرەك. ھازىرقىدەك بېشىنى سەللا ئېگىپ قويۇش سالام ھېسابلانمايتتى. ئاياللارنىڭ ئالدى بىلەن سالام بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئەرلەردىن تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن سالام بېرىشى نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1953 ـ يىللارغىچە ئەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايال قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشىدىغان بىر خىل ئادەت پەيدا بولدى. ئەر بىلەن ئايال ھوقۇقتا باراۋەر دەپ ھېسابلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەت ئەمەلدىن قېلىپ، ئايال بىلەن ئەر ئوتتۇرىسىدا ئېگىلىپ سالام بېرىشىدىغان، ئايال بىلەن ئايال، ئەر بىلەن ئەر بىر قولىدا قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشىدىغان بولدى. يېزىلاردا ھېلىمۇ چوڭ ياشتىكىلەر ئىككى قولىدا كۆرۈشۈش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ياش، ياش ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەرلەردەك بىر قولىدا كۆرۈشىدۇ. بۇرۇنقى كۆرۈشۈش ئادەتلىرى تۈگىدى.

## 2. كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز

ئاۋاتلىقلار ئەينى زاماندىكى دەۋر خۇسۇسىيىتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن، تارىختا بىر قانچە خىل فورمىلاردا كىيىم كىيىپ كەلگەندى.

باش كىيىم ــ ئەرلەر ئىلگىرىكى زامانلاردا ياز كۈنلىرى بېشىغا بادام دوپپا، ئاق دوپپا، تاشكەنت دوپپىسى، قوقەند دوپپىسى، چىمەن دوپپا ۋە ھەر خىل گۈللۈك دۇخاۋا دوپپىلارنى كىيەتتى. قىش كۈنلىرى قارا نوچى تۇماق، كۆكمەن تۇماق كىيەتتى. مىنگو دەۋرىدە تۈلكە تۇماق، تۈلكە قۇلاقچا، دۈمچە تۇماق قاتارلىقلار پەيدا

بولدى. دىنىي كىشلەر كۆپىنچە سەللە بۆكى، كۇلاھ كىيەتتى. مىنگو دەۋرىگە ئۆتكەندە كۆپىنچە سەرپۇش تۇماق كىيىۋالىدىغان بولدى. 1948 ـ يىللاردىن كېيىن قەشقەردىن بىر قىسىم سودىگەرلەر مۇغەمبەر تۇماقنى كىرگۈزدى. بۇ تۇماق ئاددىي، ئەرزان، ئىسسىق، چوڭقۇر بولغاچقا تېزلا ئومۇملىشىپ كەتتى. يەنە چارۋىچىلار خوتەن سالۋا تۇماقلىرىنىمۇ كىيىۋالاتتى. يۇقىرىقى تۇماقلاردىن قايسى بىرى بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، توڭلىغاندا چۆكۈرۈپ كىيگىلى، ئىسسىغاندا تۆپىلىكىنى قىستۇرۇپ تېيىزلىتىپ كىيگىلى بولاتتى. مىنگودىن بۇرۇن گۇاڭشۈي زامانىدا يازلىق دوپپىنىمۇ قىستۇرۇپ تۆپىلىكىنى قاسقان قىلىپ كىيەتتى. دوپپىمۇ بىر قەدەر چوڭقۇر ئىدى. بارا ـ بارا دوپپا تېيىزلىشىپ، شەكلى ئۆزگەردى. ئۇنى قىستۇرماي شۇ پېتى كىيىدىغان بولدى. ئەرلەر ھازىرغىچە ئاق دوپپىلارنى شۇنچە تېيىز بولسىمۇ يەنىلا يېرىمىنى تېشىغا قاتلاپ قىستۇرۇپ كىيىدۇ. تۇماقنىمۇ قىستۇرۇپ كىيىش ھازىرغىچە ئادەت تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئاياللار قەدىمكى زاماندا بېشىغا چوڭقۇرراق قىلىپ تىكىلگەن ھەر خىل گۈللۈك دوپپىلار ۋە قوقەند دوپپىسى، ئۈنچە دوپپا، قاداق (ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاداق قادالغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوپپا قاتارلىقلارنى چۆرۈلدۈرۈپ قىستۇرۇپ ، قاسقان قىلىپ كىيەتتى . قاداقنى دوپپىنىڭ زىيىگە قادايتتى . ئاياللار ئادەتتە دوپپا بىلەن يۈرەتتى . رومالنى پەقەت ئۆلۈم ـ يېتىمدە سالاتتى . قىش كۈنلىرى قاما تۇماق ، كەمچەت تۇماق ، كۆرپە تۇماق قاتارلىقلارنى كىيەتتى .

چاپان — مىنگودىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىم فورمىسى . چاپانلارنىڭ پەشلىرى كەڭ ، يەڭلىرى تار ، ئۇزۇن ئىدى . مىنگو دەۋرىدىن كېيىن ، كىيىم فورمىلىرىدىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، ئاۋۋالقىلىرى ئىستېمالدىن قالدى .

ئەرلەرنىڭ ئاساسلىق كىيىملىرى — يېشىل ۋە قىزىل يوللۇق بەقەسەم تون ، قىزىل چەكمەن تون ، سىماۋى تون ، ئاق يەكتەك ، يېشىل تون ، كۆرپە ۋە تېرىدىن تىكىلگەن قايرىما ياقىلىق ۋە تۈز ياقىلىق جۇۋا ، تۈلكە جۇۋا ، ئالدى ئوچۇق تونچە ياقا سالغان ئۇزۇن كۆڭلەك ، قىسقا خالتا كۆڭلەك قاتارلىقلار ئىدى .

سىرتقى كىيىملەرنىڭ ئالدىنى بوغقۇچ بىلەن ئېتىۋالاتتى . مىنگو دەۋرىدىن كېيىن ئۇزۇن چاپاننىڭ ئۈستىدىنمۇ بەلۋاغ بىلەن باغلايدىغان بولدى . مىنگودىن بۇرۇن كۆڭلەكنىڭمۇ ئالدى ئوچۇق ، چاپان بىلەن ئوخشاش بىر پېشى ئۇزۇن ئىدى . ئۇنىڭمۇ بوغقۇچى بار

ئىدى . ئەمما ئۇستىدىن بەلۋاغ بىلەن باغلاپ يۇرەتتى .

مىنگو دەۋرىدىن باشلاپ بوغقۇچلۇق كىيىم ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قېلىپ ، چاپاننىڭ قولتۇق ئاستىدىن ئېتىدىغان پەشلىرى قىسقىراپ ، بوغقۇچ ئەتمەي بەلۋاغ بىلەن چىگىدىغان بولدى . كېيىنچە تون چاپاننىڭ ھەر ئىككى پېشى ئوخشاش قىلىنىپ ، چاپاننىڭ ھەر ئىككى پېشى ھازىرقى ھالەتتىكىدەك دەل ئوتتۇرغا كەلدى . ئەرلەر چاپانلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا چەك قويىدىغان ئىش پەيدا بولدى . ھەتتا كالتە چاپاننىڭمۇ ئىككى يېنىدا ئازراق چەك قويۇلاتتى . ( بۇ ئادەت يېزىلاردا ھازىرمۇ ئاز ـ تولا چېلىقىدۇ ) . يەنە نوغايچە چاپان دەپ بىر خىل كىيىم پەيدا بولدى . بۇ چاپاننىڭ چۆرىسىگە ئىككىلىك قارا تۇتۇپ تىكىلەتتى . كېيىن يەنە قايرىما ياقىلىق كىيىملەر پەيدا بولدى . ئۇنى « گېرمانچە ياقا » دەپ ئاتايدىغان بولدۇق . ئۈچ يانچۇقلۇق پەتىلىلىك كىيىملەر ، قىلىچ ياقىلىق تون ، ئۇزۇن تون ئۇمۇملاشتى .

بەلۋاغ ـــ بەلۋاغنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ خىل ۋە چىرايلىق ئىدى . بۇلار : سەيلە ( قىزىل مەشۇت يىپتىن چۇچىلىق قىلىپ توقۇلغان شالاڭ توقۇلما بولۇپ ، چەت ئەلدىن كېلەتتى ) ، كاۋا لۆڭگە بەلۋاغ ( كېۋەز چېچىكى رەڭلىك ئىككى قات يۇڭ بەلۋاغ بولۇپ ، چەت ئەلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرەتتى) ، يۇڭ بەلۋاغ ( ئىككى قات بولۇپ ، چەت ئەلدىن كىرەتتى ) ، ئەنجان ياغلىقى ( تۆت چاسا گۈللۈك ياغلىق بولۇپ ، ئىككى بۇرجىكىنى ئارقا تەرىپىدىن ساڭگىلىتىپ چىگىدۇ . چەت ئەلدىن كىرەتتى ) ، بالداقلىق يۇڭ بەلۋاغ ( يەكەن ، قەشقەردە تۇقۇلاتتى ) ، ماتا ياكى خەسە بەلۋاغ ، گۈللۈك چىت بەلۋاغ قاتارلىقلار بولۇپ ، مەكتەپ يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ ھەممىسى بەلۋاغسىز يۈرمەيتتى . بۇ بەلۋاغلار مەشۇت ، يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان بولۇپ ، بىر قىسمى خالتىغا ئوخشاش ئىككى قات ئىدى . ئۆتمۈشتە چوڭ ــ كىچىك ھەممە ئەرلەر پىچاق ئاسىدىغان بولغاچقا ، غىلاپ تاسمىنى بەلۋاغقا ئۆتكۈزۈۋالاتتى . سىرتقا ئەمگەككە بارغۇچىلار نانلىرىنى ، بەزىلەر پۇللىرىنىمۇ بەلۋاغقا تۈگۈۋالاتتى .

ئاياللارنىڭ چاپانلىرى مىنگودىن بۇرۇن يەڭلىرى قول ئاران پاتقۇدەك دەرىجىدە تار ، قولىنىڭ ئۇچىدىن 20 ــ 30 سانتىمېتىر ئېشىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن ، بېلى تار ، پېشى ناھايىتى كەڭ ، بەلدىن باشلاپلا ئىككى يانىدا بىردىن ئىككى چەك ، ئارقىدا بىر چەك جەمئىي ئۈچ چەك بار بولۇپ ، پېشى تۆت پارچە ئىدى . ئالدىغا قولدا تۈگكەن تۈگمە بىلەن ئىزمە بېكىتەتتۇق . تۈگمە ئىنچىكە لاتا يىپ بىلەن تۈگۈپ مۇنەك قىلىناتتى . ئۇنى ئىزمىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتۇق .

مىنگو دەۋردە سۆگەكتىن ياسالغان تۆت تۆشۈكلۈك ئەتكۈچ چىقتى. بۇنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىزمە ئورنىغا تۆشۈك ئېچىلدى. يېڭى پەيدا بولغان ئەتكۈچنىمۇ «تۈگمە» دەپ ئاتاش بارا ـ بارا ئومۇملىشىپ كەتتى. هازىر بۇرۇنقى تۈگمە تۈگەپ، ئورنىغا زاۋۇتتا ياسالغان ئەتكۈچ چىقتى. بۇنىڭ نامىنى يەنىلا بۇرۇنقى تۈگمە نامى بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتىمىز.

هەرقايسى دەۋرلەردە شۇ دەۋرلەردىكى كەلگەن ـ كەتكەنلەرنىڭ كىيىملىرىدىن كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىرىنى دوراپ كىيىپ، مانجۇچە جۇيازا دېگەن كالتە چاپانلىرىنىمۇ كىيىدىغان بولدۇق. ئاياللارنىڭ كۆڭلەك فورمىلىرىمۇ يارشىملىق كۆپ خىل فورمىدا ئىدى. قەمبىرى چىت (يۇڭ رەخت)، ئاغۋانا، گىلاۋا ياغلىق (ئاياللار كۆڭلەك، ئىشتان كىيەتتى)، دۇردۇن، بەقەسەم، خوجەنت بەقەسىمى، ئەنجان بەقەسمى، پەي چىت (سوزۇلىدىغان بىر خىل گۈللۈك رەخت)، داماس، بېيجىڭ تاۋىرى، لىنچۇ، شايى، تەرىكە، چىبەرقۇت، شەتلەڭگە (بۇياپ گۈل بېسىلغان ماتا رەخت)، هەيرانە (تېگى چىت گۈللۈك ماتا رەخت)، سۈپىتە (تاش سۈركەپ سىلىقلاشتۇرۇلغان ئاق ماتا) قاتارلىق هىندىستان، ئافغانىستان، تاشكەنت، ئىچكى ئۆلكە قاتارلىق جايلاردىن كىرگەن ۋە خوتەن، يەكەندە توقۇلغان ئالىي

رەختلەردىن، يەرلىك پاختا رەخت، يەنى ھەر خىل ماتالاردىن ئۆزمە جىيەك كۆگۈلەك (كۆكرەكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بالداق توقۇلما گۈل چاپلانغان)، نوجىيەك كۆگۈلەك (گەجگە ۋە سول كۆكرەككە ۋاللداپ تۇرىدىغان، مەخسۇس ئىشلەنگەن بىر خىل پارقىراق گۈللۈك توقۇلما چاپلانغان كۆگۈلەك)، بۆرەكچە كۆگۈلەك (ئاق شايى كۆگۈلەكنىڭ گەجگىسى تەرەپتىن تۆتلىك ئۈيۈپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قىپقىزىل رەختنى ئۇلاپ، ياقىنىڭ ئالدى ئىككى يېنىغا بۆرەك شەكلىدە قىزىل رەختتە گۈل كېسىپ تىكىلگەن بىر خىل يارىشىملىق كۆگۈلەك)، بوغقۇچ ياقىلىق كۆگۈلەك (ياقىسىنى ئىككى مۈرىگە قارىتىپ ئېچىپ بوغقۇچ بىلەن ئېتىۋالىدۇ. ئالدى ـ كەينىگە ئۆرۈپ كىيگىلى بولىدۇ. بىر تەرەپ ئاسان يىرتىلىپ كەتمەيدۇ.) قاتارلىق كۆگۈلەكلەرنى كىيەتتۇق. مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە كۆگۈلەكنىڭ يەگىلىرى بىراقلا كېڭىيىپ، ئىچىگە ئادەم گەۋدىسى پاتقۇدەك كەڭ ھەم ئۇزۇن تىكىلىدىغان بولدى. كۆگۈلەكنىڭ بىر يېڭى بىر گەۋدە بىلەن تەڭ ئىدى. مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئوينىغاندا بىر ـ بىرىگە ئۇزۇن يەگىلىرىنى چۆرۈپ، باشلىرىدىن يەلپۈپ ئۆتكۈزۈپ ئويناپتتى. يەنە كۆگۈلەكنى ئۇزۇن تىكىپ، ئىككى ـ ئۈچ جايىدىن قاساپ كىيىش ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى. كىيىمنى يۇغاندا قىسقىراپ كەتسە، قاساقنى قويۇپ بېرەتتۇق.

قىزلارنى «جۇۋان» قىلغاندا «ئىراقا كۆڭلەك» كىيگۈزۈلەتتى. ئۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىدىن پېشىگىچە قول بىلەن كەشتە ئىشلەنگەن پۆپۈكلۈك ئىراقتا تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن «ئىراقا» كۆڭلەك دەپ ئاتايتتۇق.

## 3. ئۆي ـ تورالغۇلىرى

ئىلگىرىكى زامانلاردا سوقما تام، چالما تام، كېسەك تام، قۇرما تاملاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئىدۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنجان تىمى (قىستۇرما تام) پەيدا بولدى. چارۋىچىلار گەمە، يېرىم گەمە شەكىلدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەندى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە تۈنۈك قوياتتۇق.

مىنگو دەۋرىدە دېرىزىلىك ئىدارە — مەكتەپلەر پەيدا بولۇپ، شەھەردىمۇ ئومۇملىششقا يۈزلەندى. بۇ تەدرىجىي يېزىلارغىمۇ يېتىپ باردى.

ئائىلە سايمانلىرى — چويۈن قازان، چۆيۈن داڭقان، چويۈن تاۋا، مىس قازان، مىس لېگەن، مىس چۆگۈن، تۇچ چىلاپچا، ئاپتۇۋا، مىس كەپكۈر، قاپاق، نوگاي، سوغا ـ مالتاق، ھەر خىل چىنە ـ قاچىلاردىن باشقا، ساپال ھېجىر، كورا، ياغاچ تەڭنە، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ چۆچەك، ياغاچ چارا، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ چۆمۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە كاساك، ياغاچ لېگەن قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلەتتى.

## 4. مەنئىي قىلىنغان ئۆرۈپ - ئادەتلەر

1. ئۈژمە دەرىخىنى كەسمەيدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنى ئۆيگە ئىشلەتسە، شۇ ئۆيدە ئۆلۈم - يېتىم كۆپ بولىدۇ. ئېغىل - قوتانغا ئىشلەتسە چارۋا ئاينىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۈژمە مېۋىسىنى ئادەمدىن تارتىپ، هايۋان ۋە هاشاراتلارغىچە يەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ياغىچىنى ئىشلەتسە «يامان بولىدۇ» دەپ، تەنبىھ بېرىش بىلەن چەكلەيتتى.

2. مۇسىبەت بولغان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە قازان قايناتمايدۇ، تاماقنى قولۇم - قوشنىلىرى كىرگۈزۈپ بېرىدۇ.

3. ئاياللار تۇپراق بېشىغا بارمايدۇ، مەسچىتكە كىرمەيدۇ.

4. قەبرىستانلىقتا قول شىلتىمەيدۇ.

5. ئۆلۈپ قالغان هەرقانداق ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

6. تۇل، بويتاق قالغانلارغا لايىق چىقمايتتى. چۈنكى، «بىر ئېرى ئۆلگەننىڭ ئۈچ ئېرى ئۆلىدۇ»، «بىر

خوتۇنى ئۆلگەننىڭ ئۈچ خوتۇنى ئۆلىدۇ » دېگەنگە قاتتىق ئىشىنەتتى. تۇل قالغۇچىلار نىكاھلانماقچى بولسا ئۆزلىرىگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن تېپىشاتتى.

7. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئىسقىرتمايتتى، ھەرقانداق جايدا كېچىسى ئىسقىرتىش چەكلىنەتتى.

8. كېچىسى ئۇخلىغاندا يالاڭباش ياتمايتتى.

9. كېچىسى تىرناق ئېلىش چەكلىنىدۇ، چاچنى كەچتە ئالدۇرىدۇ، تىرناقنى ئەتىگەندە ئالىدۇ.

10. مېھماننىڭ ۋە چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار كەلسە ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ تۆرگە تەكلىپ قىلىدۇ.

11. چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرمەيدۇ.

12. قۇياشقا، ئايغا، ئاسمانغا قاراپ ۋە ئوتقا، سۇغا، ئادەمنىڭ يۈزىگە، يەيدىغان نەرسىلەرگە تۈكۈرمەيدۇ. ئايغا، قۇياشقا ۋە غەربكە قاراپ سىيمەيدۇ. ئوتقا، سۇغا ۋە ئادەم ئىستېمال قىلىدىغان نەرسىلەرگە، ھەتتا يۇندا، شاپاق قاتارلىق نەرسىلەر تۆكۈلگەن جايلارغىمۇ سىيىش، دەسسەش چەكلىنىدۇ.

13. يېمەكلىكلەرنى، يۇندىلارنى، دەسسىلىدىغان پاسكىنا يەرلەرگە تۆكۈش چەكلىنىدۇ.

14. ئىت، توخۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ، ئەگەر ئىتنى تۇتۇش توغرا كەلسە ئارقىدىنلا قولنى پاكىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇيۇۋېتىدۇ . چۈنكى ، ئۇ ، نىجاسەت يېگەچكە ، ئىتنىڭ تىنىغى كىرسە « ئىمان قالمايدۇ » دەپ قارايدۇ .

15 . ھوۋلىغان ئىتنى ۋە ئاخشىمى چىللىغان توخۇنى يوقىتىدۇ .

16 . كاككۇك ، قارلىغاچنى ئۆلتۈرمەيدۇ . ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنى ئويغىتىش چەكلىنىدۇ .

17 . چاچ ، ساقالنى چۈشۈرگەندە ئۇنى پاسكىنا جايغا تاشلىمايدۇ .

18 . قۇربان ھېيت كۈنىدىن باشلاپ ، ئۈچ كۈنگىچە چاچ ۋە تىرناقلىرىنى ئالمايدۇ .

19 . ئادەم بار يەردە ، ئۆي ئىچىدە مىشقىرمايدۇ ، ئوسۇرمايدۇ . بۇنداق ئەدەبسىزلىك ئەڭ نومۇسسىز ئادەملەردىمۇ كۆرۈلمەيدۇ .

20 . يۇلتۇزغا قاراپ « نەس » سائەتتە ، « نەس » كۈندە ( سەيشەنبە ) سەپەرگە چىقمايدۇ ، ئۆي كۆچمەيدۇ ، مەرىكە ئۆتكۈزمەيدۇ .

21 . روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئارىلىقىدا توي قىلمايدۇ .

22 . كىشىلەرنىڭ ئوچاق بېشىنى ئاتلىمايدۇ ، كۈلگە تۈكۈرمەيدۇ ھەم سىيمەيدۇ .

23 . ئاخشىمى ئاق پاختا ، سۈت ، قېتىق ئۆتنىگە بەرمەيدۇ ۋە ئالمايدۇ . كىشىنىڭ ئۆيىدىن ئەپچىققان

تۇزنى تۇزغا، پاختىنى پاختىغا قوشمايدۇ. سۈت ـ قېتىقنى يەرگە تۆكمەيدۇ ھەم دەسسىمەيدۇ.

24. چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي يېپىنچاقلاپ يۈرۈش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

### 5. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى بازار ئەھۋالى

#### ئاشلىق بازىرى

ئاۋاتنىڭ يېرى مۇنبەت، ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، بۇرۇندىن تارتىپ ئاشلىق باھاسى ناھايىتى ئەرزان ئىدى. ئاقسۇ، كەلپىن، مارالبېشى، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق ـ سودىگەرلىرى كېلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ كېتەتتى ياكى نەرسە ـ كېرەك ئەكېلىپ ئاشلىققا ئالماشۇرۇپ كېتەتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئاشلىقلىرىنى ئالىدىغان ئادەم يوق، ئاشلىرىنى يېيىپ قويۇپ ئۇخلاپ، كەچ بولغاندا يىغىشتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىلەر تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭكىدە قويۇپ كېلەر ھەپتىسى سېتىپ كېتەتتى.

مىنگو دەۋرىدىن كېيىن ئايۇپ ئۇنچى، ئوسمان ئۇنچى، روزى مەزىن، قاسىم گۇرۇچ، سەيدى ھاجى، ھاشىم ھاجى (قۇمباشلىق) قاتارلىق ئاشلىق سودىگەرلىرى مەيدانغا چىقىپ، ئاشلىق بېسىمدارلىرى پەيدا بولدى. بۇلار ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈگمەنچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقىتىش مەركىزى

بىلەن ئۇن تارتىپ بېرىدىغانغا دېگۈارلىشىپ، بۇ ئۇنلارنى ئاشپەز ـ ناۋايلارغا ۋە باشقا ئېھتىياجلىقلارغا ساتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق بازىرىدا دان ئاشلىق سېتىۋالىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، كۆپىنچىلەر ئاشلىقنى ساتالماي ياندۇرۇپ ئەكىتەتتى ياكى ئالماقچى بولغان نەرسىلىرىنى ئاشلىققا ئالماشتۇرۇپ، ئەرزان باھادا بېرىپ كېتەتتى. ئاشلىق باھاسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. مەسىلەن، بىر چارەك بۇغداي ئىككى چارەك قوناققا تەڭ ئىدى. ئاۋاتنىڭ گۈرۈچى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيتتى. ئاشلىق سودىگەرلىرىدىن غوروچۆل يېزىسىدىن خەلپەم ۋە قۇمباش كەنتلىرىدىن تاھىر ھاجى، ھىلاجى، گۈرۈچچى قاسىم ئاخۇن قاتارلىق ئاشلىق سودىگەرلىرى كونا شەھەر ۋە ئۈچتۇرپان ئاقياردىن گۈرۈچ ئەكىلىپ ساتاتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتتا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن ھاكىمىيەت مۇقىمسىز بولغاچقا، بۈگۈن بىر خىل پۇل چىقسا، ئەتىسى يەنە باشقا بىر خىل پۇل چىقىرىپ، ئالدىنقىنىڭ قىممىتى تۈگەيتتى. بۇ ئەھۋال ئاۋات خەلقىنى ئەندىشىگە سېلىپ، سودا ـ سېتىقتا ئاشلىق ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن، بىر ئەمگەكچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئىككى چارەك قوناق ياكى بىر چارەك بۇغداي ۋە ياكى 10 جىڭ گۈرۈچ ھېسابلىناتتى. بىر

يـىـلـلىق ئىش ھەققى تاماق، كىيىم ـ كېچەكنى بىرىشنىڭ سـىـرتـىـدا، بـەش تـاغـار بۇغداي، بەش تاغار قوناق ( بىر تـاغـىرى 120 كـىلو ) ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە جىسمانىي كـۈچ ـ قۇۋۋەتكە قاراپ پەرقلەندۈرۈلەتتى. بىر جىلىڭ پاختا ئـىـگـىرسە بىر چارەك قوناق ئالاتتى. بىر كەتمەن 15 چارەك بـۇغـداي، بـىـر ئوغاق بەش چارەك بۇغداي، بىر پالتا بەش چـارەك بـۇغداي، بىر تال لىم ياغاچ 10 چارەك گۈرۈچ، بىر چـۆگـۈن 5 ـ 10 چـارەك قـونـاق، بىر جىلىڭ (بىر جىلىڭ ــ ھازىـرقـى 750 گرامغا تەڭ ئىدى ) پاختا بىر چارەك قوناق؛ بـىـر ئۆتـۈك 30 چـارەك قـونـاق، بـىـر تۇماق ئىككى چارەك قـوناق، بىر كىگىز 10 چارەك قوناق، بىر قوي 3 ـ 8 چارەك بۇغداي، بىر كالا 100 ـ 150 چارەك بۇغداي، بىر ئات 200 ـ 250 چارەك بۇغداي ئىدى.

ئاشلىققا سودىلاشمىغان چاغلاردا كۆمۈش تەڭگىگە دېـيىشەتتى. ئەمما، تەڭگىنىڭ باھاسىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس ئـىـدى. شۇڭا، ئاشلىق پۇلنىڭ رولىنى ئوينايتتى. ھەر كىم نـەرسـە سـاتسا ئاشلىققا ساتقانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ كەمبەغەل كـىـشـىـلـەرمۇ ئاش قالمايتتى. قىسقىسى ئاشلىق بەك كەڭ ئىدى.

دۆلـەت سـاڭـلـىـرىـغـا تـاپـشـۇرـىـدىغان يەر بېجى ھۆكـۈمـەت تـەرىـپـىـدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ، ئاقسۇ، كـۇچـا، قاراشەھەر، ئاۋات بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى ئات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېشى ، بېدىلىك ، ئوتاق ، دوكەي دېگەن جايلارغا يۆتكىلەتتى . كەلپىن خەلقى ئاۋاتقا گۇلە ، يىپ ئېگىرىدىغان يىك ، تۇرمۇز ئېلىپ كېلىپ يېزىلارغا چىقىپ ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ ، ئەكەلگەن ماللىرىنى ئاشلىققا تېگىشىپ كېتەتتى ( بۇ ئىككى ناھىيە خەلقى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتتۇشەتتى ) .

قول سانائەت ۋە ھەر خىل توقۇلما ماللار سودا بازىرى

بازارنىڭ بىر كوچىسى « سودىگەر كوچىسى » ( ھازىرقى يېمەك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئورنىدىن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغىچە بولغان ئارىلىق ) دەپ ئاتىلاتتى . بۇ كوچىدا سودىگەرلەر كارىۋاتلىرىغا ياكى دۇكانلىرىغا ماللىرىنى تىزىپ ، ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە ياندىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . بۇ ماللارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەلدىن كىرگەن ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگەن رەختلەر ئىدى . مەدىل قارى ، ھوشۇر ھاجى ، ھېزى ئاقساقال ، مەمتىلىخان (ئۆزبېك ) ، داۋۇت ھاجى ، ساۋۇت ھاجى قاتارلىق چوڭ سودىگەرلەر بار ئىدى . خوتەنلىك ئىمىن شاگىرزۇگىنىڭ داگىلىق سودا سارىيى بار بولۇپ ، خوتەندىن زىلچا ( گىلەم ) شايى ، ئەتلەس ، بەقەسەم قاتارلىق ماللارنى كىرگۈزەتتى . مەدىل قارى ، مەمتىلىخان ھەم باشقا بىر

قىسىم سودىگەرلەر ھىندىستان، ئەنجان، ئافغانىستان ۋە سوۋېتىنىڭ ھەرقايسى رېسبۇپلىكىلىرىدىن ئەنجان بەقەسىمى، خوجەند بەقەسىمى، ھەرەم سەللىسى، قەمبىرى چىت، داماس، گىلاۋا ياغلىق، ئەنجان ياغلىقى، تاشكەنت دوپپىسى، قوقەنت دوپپىسى، ھىندىستان خۇرۇمى ۋە مەيسە، ئورۇس قازىنى، ئورۇس مىخى، ئورۇس گۇگۇتى ۋە تىللا ( ئالتۇن پۇل ) قاتارلىق ماللارنى كىرگۈزەتتى. داۋۇت ھاجى، ساۋۇت ھاجى ۋە ھوشۇر ھاجى قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەرىكە، چىت، دۇردۇن، كىمخاپ، مەخمەل قاتارلىق ماللارنى كىرگۈزەتتى. سودا ـ سېتىق ناھايىتى قىزغىن بولاتتى. سودىگەرلەر ماللىرىنى پۇلغا ئالسۇن ياكى ئاشلىققا ئالماشتۇرسۇن، خېرىدارلار نېمە بەرسە شۇنىڭغا ساتاتتى. بۇ تەدبىر ئېلىشقىمۇ ـ سېتىشقىمۇ ئەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەرلەرنىڭ ماللىرى ۋاقتىدا ئۇبوروت بولۇپ، بېسىلىپ قالمايتتى.

پازىل ھاجى، ھەيدەر ئىشان ( ئۆزبېك ) قاتارلىقلار مەخسۇس دورا ـ دەرمەك، مىلىچ مال سودىگەرلىرى بولۇپ، باشقا سودىگەرلەر مۇشۇلاردىن سېتىۋېلىپ ئاندىن تىجارەت قىلاتتى.

قەشقەر بىلەن ئاۋات ئارىلىقىدا توختىماي قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى بار ئىدى. بۇلار قەشقەر ۋە مارالبېشىدىن توپلانغان بولۇپ، مارالبېشى قۇملۇقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەترىھىم باي ، ھەمراخۇن ، نۇراخۇن ، موللاۋۇت ، ھۇزۇلاۋاي ( خوتۇنى ھۇزۇراخان ) ، ئىسلام ھاجى ، ھاۋاز باي ؛ ئاقتاملىق قادىر ئاخۇن ، جاماق باي ، قوۋان كاللەك ، سەيدىۋاقىقاس ، تەك توغراقلىق ئىمىن قاسساپ قاتارلىقلارنىڭ بىر كارۋان توپى بار ئىدى . تۆۋەنكى دولاندا ئالەمدىن ئۆتكەن داۋۇت ناۋايىنىڭ دادىسمۇ شۇلار ئارىسىدا بار ئىدى . تۆۋەنكى دولاندا ئالەمدىن ئۆتكەن قەشقەرلىك سەيدىن ئاخۇن ، مەخمۇت قاسساپ ، ھامۇتخان ، غوپۇر ئاخۇن دېگەنلەر ئاشۇ سودىگەرلەرنىڭ باللىرى بولۇپ ، بۇلارنى كىچىك چېغىدىلا دادىلىرى ئەگەشتۈرۈپ بىرگە ئېلىپ كېلەتتى . بۇلار كارۋانلارنىڭ ياردەمچى خىزمەتكارلىرى ئىدى . كارۋان توپىنىڭ كەم بولغاندا 200 دىن ئارتۇق ئېشەكلىرى بار ئىدى . بىزنىڭ مەھەللىمىز ئىلەك كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولۇپ ، يەرلىرىمىز ۋە يايلاقلىرىمىز كەڭرى ، ھويلا ـ ئارام ، باغ ـ ۋارانلار كەڭتاشا ، ئىقتىسادىي ھال ـ كۈنىمىز يامان ئەمەس ، ئاشلىق ـ تۈلۈك كۆپ ، چىقىم بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بولغاچقا ، كارۋانلار چۆللۈكتىن كېلىپلا بىزنىڭكىدە بىرەر ھەپتە تۇرۇپ ئارام ئېلىپ ماڭاتتى . چارۋىلىرىنى خىزمەتكارلىرىمىز بېقىپ بېرەتتى . قەشقەردىن تېپىن ، داچەن ئېلىپ كېلىپ ، ئاۋاتتا ھوشۇر ھاجىمغا ئۆتكۈزۈپ ، مىس پۇلنىڭ ئورنىغا كۈمۈش ۋە

قەغەز پۇل ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى . قەشقەرگە مېڭىشتىمۇ يەنە بىزنىڭ مەھەللىمىزدە ئاش ـ ئوزۇقلىرىنى تەييارلاپ ماڭاتتى . گاھىدا ئارتۇق ماللىرىنى بىزگە ئامانات بېرىپ كېتەتتى . ھەتتا جىددىي ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ بۇلار توختىماي قاتناپ تۇردى .

ئىمىن سېرىق ، داۋۇت ھاجى قاتارلىق تېرە سودىگەرلىرى بار ئىدى . بۇلار ئالغان تېرىلىرىنى ئۆچتۇرپان ئارقىلىق قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ قارا قول دېگەن جايلىرىغا چىقىراتتى . يەنە « قاراقول شىركىتى » دەپ شىركەت قۇرۇلغان بولۇپ ، قارا قولدىن قازان ـ قومۇچ ، ئۆي جاھازلىرى ، ئاياغ كىيىم ، كىيىم ـ كېچەك ، تۆمۈر ، قارا چاي ، گەزلىمە ، قەنت ـ شېكەر ، ناۋات ، كىرسىن قاتارلىق ماللارنى ئاۋاتتىن ئاپارغان تېرە ، يۇڭ قاتارلىقلارغا تېگىشىپ كېلەتتى . بۇ شىركەت غۇلجىلىق غۇپۇرجاننىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى . كېيىن قارا قولدىن كەلگەن تۇردى خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا تىجارەت قىلدى .

شىركەتنىڭ خاراكتېرى كوللېكتىپ پاي قوشۇش ئارقىلىق قۇرۇلغان بولۇپ (120 كىشىنىڭ نامىدا قۇرۇلغان ) ، بۇلارنىڭ پايدىسى ھەممىسى ئېزىش كۆچىگە ئىگە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىدى . ئۇلار ئەمەلىيەتتە خەلقنى ئالداپ « سىلەرگە پايدا بېرىمىز » دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېھقانلارغا پاي پۇلى قويۇش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، دېھقانلارغا پايدا بېرىش ئەمەس بەلكى قوشقان پايلىرىنىمۇ بەرمىدى، ئۇلارنىڭ پايلىرى سىلىققا تولەنگەن تولەم بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەرلىك مەھسۇلات سودىگەرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار پاختا، ماتا، چەكمەن قاتارلىقلارنى سىرتقا چىقىراتتى. يېزا بازارلىرىدا بولسا، سانائەت ماللىرى سودىگەرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاز ساندىكى چار بازارچى سودىگەرلەر ئەتىگەندە بېرىپ بىر كۈن بازاردا سودا قىلىپ، ئاخشىمى قايتىپ كېتەتتى. ئاشلىق، چارۋا بازىرى، مېۋە ـ چېۋە بازىرىدىن باشقا سانائەت سودا دۇكانلىرى ئاز ئىدى.

دۆلىتاخۇن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەت پاششاپ، ئىنىسى داۋۇت، ھاشىم قاتارلىق پاختا سودىگەرلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن خېرىدار توپلايدىغان 40 ــ 50 تىن خىزمەتكارلىرى بار ئىدى. بۇلار پاختا ساتقۇچىلارنى باشلاپ، خوجايىنلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىراتتى. يەنە روزەك، ھادى قوشقار قاتارلىق پاختا سودىگەرلىرىمۇ ئۆتكەن ئىدى. بۇلار پاختىنى سىرتقا يۆتكەپ كېتەتتى.

ماتا سودىگەرلىرىدىن ئاقسۇلۇق توختاخۇن ئاۋاتتىن بىرقانچە بابكارخانا خوجايىنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئاۋاتنىڭ چەكمەن ۋە ماتالىرىنى غۇلجىغا

يۆتكەيتتى. ئۇ چاغدا ماتا سودىسى ناھايىتى تېز ئىدى، بۇلارنىڭ مەخسۇس ماتا سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان خادىملىرى 50 تىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار كوچمۇ - كوچا يۈرۈپ ماتا سېتىۋالاتتى.

### سارايچىلىق كەسپى

ئاۋات يول ئۇستى ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، قەشقەر يەكەن ۋە خوتەندىن كېلىدىغان - بارىدىغان كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ زاماندىكى قاتناش ۋاستىلىرى ئات، تۆگە، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلار بولۇپ، ھەر بىر كارۋان بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن قاتناش چارۋىلىرىمۇ بىرگە كېلەتتى. چۆل - جەزىرىدىن كەلگەن كارۋانلار ئاۋاتتا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئۆزلىرى ئارام ئېلىپ، چارۋىلىرىنى ھاللاندۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يولغا چىقاتتى. شۇڭا، ئاۋاتنىڭ سارايۋەنلىرى ناھايىتى بېيىپ كېتەتتى. ئاۋاتتا ئورنى 20 — 30 موغىچە، ياتاقلىرى 50 — 150 ئېغىزغىچە كېلىدىغان، ئاتخانىلىرىغا 500 — 1000 غىچە چارۋا سىغىدىغان سارايلار 13 تىن ئاشاتتى. مەسىلەن: مەدىل قارىنىڭ ئىككى جايدا سارىيى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ 80 — 90 ئەتراپىدا ياتاقلىرى بار ئىدى. ئاتخانىغا 1000 دىن ئارتۇق چارۋا پاتاتتى. بازار كۈنلىرى ھويلىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

200 ــ 300 چارۋا چىقىرىلاتتى . سۇلايمان بەگنىڭ سارىيىنىڭ ( هازىرقى سودا شىركىتىنىڭ ئورنى ) چوڭلۇقىدىن 1937 ـ يىلى كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر پولك ئاتلىق ئەسكىرى ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن ئۈچ ئاي ئەتراپىدا ئاشۇ سارايدا تۇرغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئايال سارايۋەن ھېزىخانىنىڭ سارىيى ئەڭ داڭلىق ھېسابلىناتتى . 100 ئېغىزدىن ئارتۇق ياتاق ، 50 ئېغىزدىن ئارتۇق ئىجارىگە بېرىدىغان ئۆيلىرى بار ئىدى . ھويلىسىمۇ كەڭ ، نەچچە يۈز ھارۋا پاتاتتى . يەنە كۆلاسلىق توختى ھاجىنىڭ سارىيى ( كونا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئورنى ) ، ئارالىق يۈسۈپ بەگ ھاجىنىڭ سارىيى (هازىرقى باج ئىدارىسى ) ، دولانلىق مەمەت شاڭيېنىڭ سارىيى (هازىرقى پارتكوم ۋە پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئورنى ) ، ئىسمى ئاۋاتتا ھەممە ئادەمگە تونۇش بولغان مامۇت شەرىنىڭ ئاپىسى شەرىخانىنىڭ ئاتىسى ئاقاخۇن بازار بېگى ، توختىنىياز ھاجى ، بەشئېرىق مەھەللىسىدىن مەمتىلى ھاجى ، ئىبراھىم بەگ ھاجى ، مەتنىياز مىراپ ۋە ھاشىم زەرگەر قاتارلىقلارنىڭ سارايلىرىمۇ ناھايىتى كەڭتاشا ۋە داڭلىق سارايلاردىن ئىدى ( ئاقاخۇن بازار بېگىنىڭ سارىيى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مامۇت شەرىنىڭ ئاتىسى قوۋان ھاجىنىڭ ئەمەس ، ئاپىسى شەرىخانىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ) .

## ساتىراشلىق

قەدىمدىن تارتىپ ئاۋات بازىرىدا تۆت ـ بەش جايدا بىردىن بەشكىچە ئادەم ئىشلەيدىغان ( شاگىرت بىلەن قوشۇلۇپ ) ساتىراشخانىلار بولغان . ھەر بىر ساتىراش ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىپ شاگىرتلىرى بىلەن ئىشلەيتتى . ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى چاچ قويمايدىغان بولغاچقا ، كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەر ئۆزئارا بىر بىرىنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ قويۇشاتتى . بازار ئىچىدە بولسا بىر نەچچىلا ساتىراشنىڭ دۇكىنى بار ئىدى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مۆتىۋەللاجى دېگەن كىشى ساتىراشلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ساتىراشلىقنى كەسىپ قىلغان ئىكەن . شەمشىدىن ھاجىنىڭمۇ ساتىراشلىق دۇكىنى بار ئىدى . گۇاڭشۈي دەۋرىدە خەنزۇلارمۇ ئۇيغۇر ساتىراشخانىغا كىرەتتى . ساتىراشلار ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چېچىنى تاراپ ، ئەتمە چىگىپ پېشانىسى تەرەپتىكى چېچىنى چۈشۈرۈپ قوياتتى .

مىنگو قۇرۇلۇپ ئۇزۇن چاچ كېسىلدى . خەنزۇلار كالتە چاچلىرىنى ئۇيغۇر ئۇستىلارغا ياسىتىدىغان بولدى . كېيىنكى ۋاقىتتا شەمشىدىن ھاجىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابلاخان ساتىراش ، ئابباس ساتىراش ، توختى ساتىراش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار مەشھۇر بولدى.

يېزىلاردا كۇلاس 10 ـ كەنتتە ئۇلتۇرۇشلۇق چىمەنباي (ئۇ داڭلىق سازەندە ئىدى)، روزاقباي دېگەنلەر مەھەللىلەرگە، تۇگمەنلەرگە، سەيلە ـ تاماشا مەيدانلىرىغا، ئەمگەك مەيدانلىرىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى چۇشۇرۇپ قوياتتى. بۇلارنى كۆرگەندە كىشلەر بەك قىزغىن قارشى ئالاتتى. چىمەنباي (1865 ــ 1945) كىشلەرنىڭ چېچىنى ئالغانغا كۆپىنچا ھاللاردا پۇل ئالمايتتى. دۇتار ياكى ۋە باشقا چالغۇلىرىنى ئېلىۋېلىپ، چېلىپ بېرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئوبرازى ھازىرمۇ كەمبەغەللەر ئارىسىدا مەۋجۇت.

روزاقباي تەخمىنەن 1945 ـ يىللار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن نۇرەك ساتىراش دېگەنلەر ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆتتى.

### 6. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى قول سانائەت كارخانىلىرى

ئازادلىقتىن بۇرۇن تەشكىلى ئاساستا قۇرۇلغان قول سانائەت كارخانىلىرى يوق ئىدى. ئەمما قول ھۈنەرۋەنلەر نىمكار سېلىپ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلاتتى. موزدۇز، باپكار، بوياقچى، سىرچى، جۇۋىچى (تۇماقچى)، دوپپىچى، ماشىنىچى، تۆمۈرچى، قازانچى، قاداقچى، كوزىچى،

مىسكەر، زەرگەر، كۆنچى، كىگىزچى، تاغارچى،
ياغاچچى، مەشچى قاتارلىق شەخسىي كارخانىلار سانى
پەقەت بازار ئىچىدىلا 500 دىن ئېشىپ كېتەتتى. يېزىلاردا
بولسا باپكارلاردىن بىرقەدەر كۆپ ئىدى. دېھقانلار
پاختىلىرىنى يىپ ئىگىرىپ ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى
باپكارلارغا ماتا، چەكمەنلەرنى توقۇتۇۋالاتتى. موزدۇزلارمۇ
ھەر بىر مەھەللىدە بىر نەچچىدىن بار ئىدى. قول
ھۈنەرۋەنلەر ئاشۇنداق كۆپ بولمىغاندا خەلق ئېھتىياجىنى
قامدىيالمايتتى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا سانائەت ماللىرى
قىس، يۆتكەپ تەمىنلەش ئورۇنلىرى يوق دېيەرلىك
بولغاچقا، خەلق ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، يەرلىك
ھۈنەرۋەنلەرگە تايانماي بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن
شەخسلەرنىڭ قول سانائەت دۇكانلىرى كارخانا شەكلىنى
ئالدى. مەسىلەن، تۆمۈرچىلەردىن تەۋەككۈل ئاقساقال،
ياقۇپ ھاجى، ھاداخۇن تۆمۈرچى قاتارلىق داڭلىق
تۆمۈرچىلىك كارخانىچىلىرى ئۆتكەن بولۇپ، بۇلار
مەخسۇس دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن كەتمەن، ئورغاق
سوقاتتى. ھەربىرىنىڭ ئۈچ ـ تۆتتىن تۆمۈرچىلىك
دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنىڭغا سەككىزدىن ئونغىچە نىمكار
سالاتتى ۋە شاگىرت ئالاتتى. پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى
ئادەتتىكى تۆمۈرچىلەر قىلاتتى. يۈسۈپ مەزىن ئىسىملىك
داڭلىق پىچاقچى بار ئىدى. ئۇنىڭ سوققان پىچاقلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بازىرى ئىتتىك بولۇپ، بىردىن قويغا ئالاتتى.

بايكارچىلىق

ئەينى ۋاقىتتا ئاۋات ۋە باشقا جايلاردا نام چىقارغان كارخانىچى ياقۇپ دوّكا ۋە توختى ئاقساقال، روزاخۇن بايكار، يۇنۇس بايكار قاتارلىقلارنىڭ ئالتە ـ يەتتىدىن بايكارلىق دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنىڭدا بىرقانچىدىن ئىشچىلار ئىشلەيتتى. چوڭ خانىقانىڭ يېنىدىكى بىر دەڭدە 50 تىن ئارتۇق بايكارلىق دۇكىنى بار ئىدى. يېزىلاردىمۇ بايكار يوق مەھەللە يوق ئىدى. بۇلاردىن ياقۇپ دوّكا ئوّز كارخانىسىدا ئىشلەپچىقارغان ماتالىرىنى ئوّزى بىۋاستە سىرتقا يوّتكەيتتى. ئاۋاتنىڭ پىلىچىلىكىمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شايى توقۇش دۇكانلىرى ۋە يىپەك تارقىتىش ئۇستىلىرى بار ئىدى.

بوياقچىلىق

ياقۇپ بەگ، تاتلىق ئاخۇن بوياقچى، ئىمىن بوياقچى، بەشئېرىق مەھەللىسىدىن ئابلاخان بوياقچى، نۇرۇللا قاتارلىق بوياقچىلارنىڭ كارخانىسى كوّپ تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇلار بوياپ چىقارغان ماتا يىرتىلىپ توّگەپ كەتكۈچە ئوّڭمەيتتى. ماتانى قارا، نەشەرەڭ، جىگەررەڭ بوياپ چىقىرىشتىن باشقا، سەگاز، شەتلەڭگە، سىماۋى، تەرىكە، چىبەرقۇت، ھەيرانە (ئەگمە گوّللۈك)، ھەمزەك

( تېگى كۆك ، گۈلى ئاق ) قاتارلىق خىلمۇ خىل گۈللۈك
باسمىلارنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى . بۇنداق ھۈنەرلەر ھەممە
بوياقچىنىڭ قولىدىن كەلسىمۇ ، يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى
قىلىنغانلارنىڭ كارخانىلىرىدا ئىشلەنگىنى ئالاھىدە داڭلىق
بولۇپ ، سىرتقى جايلارغا توشۇپ ئاپىرىپ سېتىلاتتى .

موزدوزلۇق

ئازادلىقتىن بۇرۇن ( قەدىمدىن تارتىپ ) ئاۋاتلىقلار
پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيەتتى . ئاياللار ئۆتۈك
ياكى مەيسە كىيەتتى . ھەتتا كىچىك بوۋاقلارغىمۇ ئۇزۇن
قونجىلىق پايپاق ، چوڭراق بولۇشىغا ئۇزۇن قونجىلىق
ئۆتۈك كىيدۈرۈلەتتى . كالتە قونجىلىق ئاياغ كىيىش
ئادەتلىرى مۇتلەق يوق ئىدى . ئاياغ كىيىمنىڭ ھەممىسىنى
موزدۇزلار تىكەتتى . قارا ھاشىم ، نايۇپ چاققان ، مامۇت
موللام ، توختى ھاجى ، كۇچالىق ھاشىم ئوغلاق قاتارلىق
داڭدار موزدۇزلارنىڭ داڭقى مەشھۇر بولۇپ ، تىككەن ئاياغ
كىيملىرى ئۈلگۈرمەي قالاتتى . يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ
ئاياغ كىيىمىنى ۋە تويلۇق ئۆتۈك ـ مەيسىلەرنى شۇلار
تىكەتتى .

يېزىلاردىمۇ ھەر بىر مەھەللىلەردە موزدوزلار بار
ئىدى . چوڭ خانىقا ئەتراپى مەخسۇس موزدۇز بازىرى
بولۇپ ، ناھايىتى قىزغىن سودا بولاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### كۆنچىلىك

سابىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (ھازىرقى بازارلىق ھۆكۈمەت) نىڭ تېگى (ئاستى) بىلەن ئۆتۈپ، تۆۋەنكى دولانغا كېتىدىغان دەريانىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر كوچا خەلقلەرنىڭ ھەممىسى كۆنچى ئىدى. ئائىلە سانى 200 ئەتراپىدا ئىدى. سايىت كۆنچى، روزاخۇن كۆنچى، ئەمەت كۆنچى دېگەنلەر ئۇستا ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ، 10 ــ 15 تىن نىمكار سېلىپ ھۈنەر قىلاتتى. كۆنچىلەر كۆن، خۇرۇم، قىرىم، بىشو ئىشلەپچىقىراتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئاۋات خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالايتتى.

### ماشىنىچىلىق

ئىلگىرىكى زاماندا ماشىنىچىلىق دۇكانلىرى يوق ئىدى. كىيىم ــ كېچەكنى ئاياللار ئۆزلىرى تىكەتتى. تويلۇق كىيىم، ئەمەلدارلار كىيىملىرىنى تىكىدىغان تىككۈچىلەر بار ئىدى. ئۇلارنى سەيپۇڭ دەپ ئاتايتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئاقسۇلۇق ئىمىن سەيپۇڭ، مىنگو دەۋرىدە ئاۋاتلىق ھېلاخۇن ساراڭ دېگەن داڭلىق تىككۈچىلەر تونۇلدى. ئۇلار كىيىمنى قول بىلەن تىكەتتى. تىككەن كىيىملىرى ناھايىتى نەپىس ئىدى. يەنە مىرزىئىلى قاتارلىق تىككۈچىلەرمۇ بار ئىدى. كېيىنكى

ۋاقىتتا خوتەندىن ھېيتاخۇن، ئاموتاخۇن ( كېكەچ ) كېلىپ، قول ماشىنىسى بىلەن كىيىم تىكتى. شۇندىن باشلاپ، بارا ـ بارا ماشىنا بىلەن كىيىم تىككۈچىلەر كۆپەيدى. شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ سانى ئانچە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ھەممە ئائىلىدە كىيىمنى ئاياللار ئۆزلىرى تىكەتتى.

دوپپىچىلىق

ئاۋاتتا ئاساسەن ئاق دوپپا، بادام دوپپا، دۇخاۋا دوپپا، ئالما ئۇرۇقى دوپپا، غۇنچە گۈللۈك دوپپا، قاداق دوپپا، تاشكەنت دوپپا، ئۇنچە گۈللۈك دوپپا، كالۋۇتون دوپپا، پۆپۈكلۈك دوپپا قاتارلىق نۇرغۇن تۈرلەردىكى دوپپىلارنى ئىشلەپچىقىراتتى. ئۇ دوپپىلار دوپپىچىلار تەرىپىدىن تىكىلىپ، ھەر بازار كۈنلىرى ئەپچىقىپ سېتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ تىپتىكى دوپپىچىلىق كارخانىلىرىمۇ بار ئىدى. ئىمىن شاگىزۇگىنىڭ دوپپىچىلىق كارخانىسىدا 20 ئەتراپىدا دوپپىچىلار ئىشلەيتتى، موللاخۇن دوپپىچىمۇ ئادەم سېلىپ دوپپا تىكتۈرۈپ، ھەر بازار كۈنى 60 تىن ئارتۇق دوپپا چىقىراتتى. قىش ـ ياز كارخانىسى توختاپ قالمايتتى. قىشتا تىككىنىنى يازدا ساتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### تۇماقچىلىق

تۇماقچىلار ئاۋات خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالايتتى، ياز كۈنلىرى تىكىپ بېسىپ قويغان تۇماقلىرىنى كۈز ۋاقتىدا سېتىپ چىقىراتتى. چوڭ ــ چوڭ تۇماقچىلىق كارخانىلىرى بار ئىدى. بازارلىق مامۇتخان تۇماقچى قاتارلىقلارنىڭ كارخانىلىرىدا 30 تىن ئارتۇق ئادەم يىل بويى ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئوغلى باۋدۇن، زىياۋدۇن دېگەنلەرمۇ ئۇستا تۇماقچىلاردىن ئىدى.

### زەرگەرچىلىك

زەرگەرلەردىن دەسلەپتە ھاشىم زەرگەر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىلا بار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا زەرگەر ھاجى دەپ ئاتىلىدىغان تۇرپانلىق بىرى كەلدى، بۇنىڭمۇ ئابدۇخالىق ئاخۇن قاتارلىق بىر نەچچە شاگىرتلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغىنى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئالتۇن زىرە، كۈمۈش ساپاق، بىلەزۈك، ئۈزۈك، قاداق، گويەك قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ياسىغان زىرە، ساپاقلىرىنىڭ نۇسخىسى ئالاھىدە ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن زىياۋدۇن زەرگەر، ئاقنىياز زەرگەر، قادىر زەرگەر، ئەمەتنىياز زەرگەر قاتارلىق خېلى كۆپ زەرگەرلەر نام چىقىرىشقا باشلىدى.

###### مىسكەرچىلىك

ھەسەن مىسكەر، ھېيت مىسكەر قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق مىسكەر بار بولۇپ، بۇلار ئاۋاتلىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيتتى. مۇشۇنداق ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئىز قالدۇرۇپ، ئازادلىققا قەدەر ئون ئەتراپىدا مىسكەرلەر ئىز بېسىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ 1990 ـ يىللاردىن كېيىن مىسكەرچىلىك ھىلەك مىسكەر بىلەن تاماملاندى.

###### قازانچىلىق

بىر قەدەر ئاتاقلىقلاردىن قادىر ئاخۇن، ئىسلام قازانچى، قاسىم قازانچى، ھېيت قازان، توختى قازان، ئوسمان قازان قاتارلىق قازانچىلىق كارخانىچىلىرى ئۆتكەندى. ھەر بىرىنىڭ ئۆيىدە 15 ـ 20 دىن قازانچىلار ئىشلەيتتى. بۇلار قازان، داڭقان، تاۋا، هارۋا قازىنى، زىقچا، يەر ھەيدەيدىغان چىش قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ ساتاتتى. يېزىلارغا ئاپىرىپ ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ دېھقانلار بىلەن ئاشلىققا ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى ياكى دېھقانلارغا سېتىپ بېرىپ، مۇلازىمەت قىلاتتى.

## 7. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پۇل خەجلەش ئەھۋالى

كىچىك چاغلىرىمدا چوڭلۇقى مىس تىيىندىنمۇ چوڭ، داچەنگە ئوخشاش تۆشۈكى بار ئۆتمەس پۇللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ بولۇپ، ئۇ، چاقچا پۇلىنىڭ ئالدىدا خەجلەنگەن ئىكەن. كىچىك چاغلىرىمدا (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا) چوڭلۇقى تىرناقتەك كېلىدىغان ھەر ئىككى تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خېتى بار، بىر تەرىپىدە ئابدۇل ئەزىز دەپ خېتى بار «چاقچا» دەپ ئاتىلىدىغان مىس پۇل خەجلىنەتتى. بىر دانە چاقچا پۇلغا بىر نان كېلەتتى. چاقچا پۇل بىلەن بىر قاتاردا ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار تۈچ يارماق خەجلەندى. يارماقنىڭ قىممىتىمۇ چاقچا پۇل بىلەن ئوخشاش ئىدى. مىنگو دەۋرىدە چاقچا بىلەن يارماق ئۆتمەس بولدى. كېيىن داچەن (مىس پۇل) خەجلەندى. بىر داچەن ئىككى پۇل دېيىلەتتى. ئىككى پۇلغا بىر نان كېلەتتى. 25 داچەن بىر تەڭگە بولاتتى. بىر سەر تىيىن پۇل سەككىز تەڭگە داچەن بىلەن تەڭ ئىدى، كۈمۈش پۇل مىس پۇلدىن كۆپ ئىدى. بىر سەر كۈمۈش بىلەن 18 تەڭگە داچەن تەڭ ئىدى. 10 چارەك قوناقنى 16 داچەنگە ئالاتتى.

داچەن خەجلىگەن دەۋرلەردە «يوفۇر» دەپ پۇل خەجلەندى. ئۇ، مايلانغان لاتىغا خەنزۇچە تامغا بېسىلغان پۇل ئىدى. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يوفۇر ئۆتمەس بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەت يېزىلغان كۇچا مىس پۇلى خەجلەندى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ پۇلمۇ ئەتكەس بولدى. 1930 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە ئىشلەنگەن مىس

تىيىن بىر قەدەر ئىشەنچلىك خەجلەندى. يەنە ئىككى باياق ۋە خەنزۇچە خېتى بار ئىچكىرىدە ئىشلەنگەن (دۆلەت پۇلى) مىس تىيىنمۇ بىر قاتاردا خەجلەندى. دېھقانلار قوزغىلىڭى دەۋرلىرىدە «خافىيۇ، لىڭفىيۇ» دەپ قەغەز پۇل خەجلەندى. بىر خافىيۇ بىر سەر تەڭگىگە تەڭ، بىر لىڭفىيۇ تۆت تەڭگىگە تەڭ كېلەتتى. تىيىن، كۈمۈش پۇللارمۇ بىر قاتاردا جەجلىنىپ تۇردى. 1931 - يىللاردا بىر يىل ئەتراپىدا ئاۋاتتا پۇل يوقاپ كەتتى. ھەممە پۇل ئەتكەس بولۇپ، خەلقلەر قايسى پۇلنىڭ ئۆتىدىغان، قايسى پۇلنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئاخىر ھەممە سودىنى ئاشلىقتا دېيىشىدىغان بولدى. كېيىنرەك ياچەن (كۈمۈش) پۇل خەجلىنىشكە باشلىدى. بىر سەر ياچەن 18 تەڭگە (سەر) داچەن بىلەن باراۋەر ئىدى. بارا - بارا ياچەن پۇلمۇ ساختا چىقىپ، تېشى كۈمۈش، ئىچى قۇم چىقىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ياچەننىڭ قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى ياكى كىشىلەر ئىشىنەلمەي ياچەنگە نەرسە ساتمايدىغان بولدى.

1933 - يىللار ئەتراپىدا ئاۋاتنىڭ ئارال مەھەللىسىدىن يۇسۇپ بەگ ھاجى، تۆۋەنكى دولاندىن ئاۋىخان، غوروچۆلدىن ئالمەك ئۇستا دېگەنلەر تىيىن چىقاردى. تىيىننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قەشقەر مىس تىيىنغا ئوخشاش ئىدى، ئەمما سۈپىتى ناھايىتى ناچار،

www.uyghurkitap.com

يۈزلىرى قوپال، خەتلىرى چاپاق ئىدى. شۇڭا «قوتۇر تىيىن» دەپ ئاتىلاتتى. ئاۋات مىس پۇلى سىرتقىمۇ تارقىلىپ، بىر يىلغا يېقىن خەجلەنگەندىن كېيىن، بۇ پۇلنىڭ ئىچى كوڭتەي بولۇپ، قوم قاچىلانغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتمەس بولدى.

شىڭ شىسەي دەۋرىدىن باشلاپ پۇل مۇقىملاشتى. گومىنداڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە پۇلنىڭ قىممىتى تۈگەپ، پاخاللاشتى. بىر مىليارد يۈەنگە بىر چارەك قوناق كەلمەيتتى. ئۈرۈمچىدە چىققان پۇللارمۇ شۇنداق ئىدى.

كونا جەمئىيەتتە كۆمۈش تەڭگە، يامبۇ، ئالتۇن، تىللا ئەڭ ئىشەنچلىك ئىدى. چوڭ ـ چوڭ مۇئامىلىلەر ئالتۇن ـ كۆمۈشكە قىلىناتتى. ئالتۇن ـ كۆمۈش ئازادلىقتىن كېيىنمۇ 1950 ـــ 1951 ـ يىللىرى داۋاملىق خەجلەندى. 1952 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت تەرىپىدىن ئالتۇن ـ كۆمۈشنى خەجلەشنى بىردەك ئەتكەس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىققاندىن كېيىن، پۇل تامامەن بىرلىككە كېلىپ، خەلق پۇلى خەجلەندى.

### 8. ئاياللارنىڭ زىننەتلىنىشى

ئاياللار بارماقلىرىغا كۆمۈشتىن ئۈزۈك سالاتتى، ئۇنىڭغا ياقۇت، كەھرىۋا، چەش، فىروزا قاتارلىقلاردىن

كۆز قويۇلاتتى. ئالتۇن بۇيۇم ھازىرقىدەك ھەممە ئادەمدە يوق ئىدى. ئالتۇن ئۈزۈكنى بەزىدە زەرگەرلەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرى سېلىۋالاتتى. ئۇمۇ داۋاملىق ئەمەس ئىدى. بىلەزۈك كۈمۈشتىن ياسىلاتتى. ئۇنى بايلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى قوشلاپ سېلىۋالاتتى.

ئاياللار دوپپىلىرىنىڭ زەيلىرىگە ھازىرقى بىر پۇڭلۇق مېتال پۇلنىڭ چوڭلۇقىدا ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن «قاداق» قاداپتتى. ئۇ ناھايىتى نېپىز بولۇپ، چۆرۈلدۈرۈپ زەيىنىڭ ھەممە يېرىگە بىر تۇتاش قادىلاتتى. بۇ، پۇقرالاردا ئانچە يوق ئىدى.

ئاياللار ھېيت، مەرىكە ۋە بازار كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئاساسەن، پادىشاھلارنىڭ تاجلىرىدەك پېشانىسىگە ئەتراپىنى كۈمۈشتىن ياساپ، ئوتتۇرىغا داچەن پۇلدەك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق سوقىچاق شەكىلدە ھاۋارەڭ «چەش» تىن كۆز قويۇلغان «موجرا» ۋە يەنە «قاش»، «نوھول» قاداپتتى.

«قاش» — توزنىڭ قېشى بىلەن قوشۇپ سويۇلغان باش تېرىسى ئىدى. ئۇنى دوپپا ياكى قاما تۇماقنىڭ ئالدىغا تىكەتتى.

«نوھول» — ئاستى توزنىڭ بېشى شەكىللىك بىر پۈتۈن، ئۈستى بەش شاخلىق، ھەربىر شېخىغا ئۈنچە -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مارجان ئېسىلغان، ئاستىنىڭ چىك ئوتتۇرىسىغا «چەش» تىن كۆز قويۇلغان، تىترەپ تۇرغان شاخچىلارغا ئۆتكۈزۈلگەن پارقىراق ئۇنچە ـ مارجانلار جىلۋىلىنىپ، قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇم ئىدى.

چاچقا كۈمۈش گويەك ئاساتتى. ئۇ، كۈمۈش قوڭغۇراقلار بولۇپ، قوڭغۇراقلارنىڭ ئۈستىگە مۇخرەكلىك نەقىش چىقىرىلاتتى. بىر گويەكتە كەم بولغاندا 20 ئەتراپىدا ئۇششاق قوڭغۇراقلار بار بولۇپ، چاچقا ئېسىپ ماڭغاندا سادا چىقىپ، كىشلەرنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز قارىتىپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكىنى نامايەن قىلاتتى.

بەزى قىزلار بويىنىغا «سەدەپ»، «كەھرىۋا»، «فىروزا» مارجانلاردىن ئېسىۋالاتتى. ئادەمنىڭ بويىنىغا زەنجىر ئېسىش قەتئىي چەكلىنەتتى ياكى بۇنداق خىياللارمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇنى «بۇ ئالەمدە بويىنىغا زەنجىر ئاسسا، ئۇ ئالەمگە بارغاندا بويىنىغا يىلان ـ چايانلەر يۆگىشىۋالارمىش» دەپ چۈشىنەتتى.

ئاياللار قۇلىقىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ساپاق سالاتتى. ئالتۇننى ئاز ساندىكىلار سالاتتى. كۈمۈش ساپاق (زىرە) ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. ئاياللارنىڭ قۇلىقى كىچىك چېغىدىلا تېشىلىپ، شۇندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنىڭغا كۈمۈش ساپاق ئېلىپ بېرەتتى، ئالتۇن ـ

كۆمۈشتىن باشقا نەرسىنى مۇتلەق ئاسمايتتى.
چاپانغا كۆمۈش تەڭگىنى تۆگمە قىلىپ قادايتتى.

## 9. تويلۇق سېلىش

تويلۇقنى «قۇدا» بولغۇچىلار ۋەكىل ئارقىلىق پۈتۈشەتتى. كىيىم - كېچەك بىر قۇرلا بولسا كۇپايە قىلاتتى. زىننەت بۇيۇملىرى سېلىنمايتتى. يېمەك - ئىچمەك يېتەرلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەركىم ئەپتىگە قاراپ ئىش كۆرەتتى. بىر مال، بىر چاپان - كۆڭلەك، ئۆتۈك، دوپپا ياكى تۇماق قاتارلىقلار بىلەنمۇ توي قىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەڭ قىممەت بولدى دېگەن توينىڭ تويلۇق قىممىتى شۇ زاماندىكى بىر كالا ياكى ئاتنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. توي ئاددىي بولغاچقا، ئۆيلىنەلمەيدىغان، ئۆيلەنسىمۇ قەرزدىن قۇتۇلالمايدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيتتى. تويلۇق ئاددىي بولسىمۇ، ئىقتىسادىي غەم - قايغۇغا مۇپتىلا بولمىغاچقا، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتەتتى. نىكاھتىن تولا ئاجرىشىپ بالىلىرىنى يېتىم قىلىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇنداق ئىشلارغا ئاتا - ئانىلار ۋە جامائەت ھەرگىز يول قويمايتتى. ئەردىن چىقىپ، ئەرگە تەگكەنلەرنى كىشىلەر پەس كۆرۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

« بىرگە تەگكەن ياخشى ،
ئىككىگە تەگكەن باخشى »

دەپ « ۋاپاسىز » قاتارىدا ھېسابلايتتى . « باخشى » دېگەن لەقەم ھىيلىگەر ، ئالدامچى ، ساختىپەز دېگەندەك مەنىدە ئىدى .

### 10 . ياۋايى ھايۋاناتلار

ئاۋاتنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى بوستانلىقتا تۇتاش بولغاچقا ، قەدىمكى ۋاقتىدا توغراقلار زىچ ، چاتقاللىق ، قومۇشلۇق ، يىكەنلىك كۆپ ئىدى . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى زامانلاردا ئاۋاتنىڭ دائىرىسىدىكى جاڭگاللاردا كېيىك ، جەرەن ، بۆرە ، ياۋا ئات ، ياۋا تۆگە ، ياۋا ئېشەك ، ياۋا تۇڭگۇز ، تۈلكە قاتارلىقلار كۆپ ئىدى . يولۋاس بار دېگەن گەپنى ئاڭلايتتۇق . ئات ، قويلىرىمىزنى بۆرە يەپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى . ياۋا تۇڭگۇزنىڭ دەستىدىن تېرىغان قوناقلىرىمىزنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا يېرىم مەھسۇلاتىنى يىغىپ ئالالايتتۇق .

يىلدىن يىلغا ئادەم كۆپەيگەنسېرى ياۋايى ھايۋانلار يىراقلىشىپ يوقاشقا باشلىدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 ـــ 15 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بۆرىنىڭ زىيىنى ئازايدى . ياۋا

تۇڭگۇز يىلدىن ـ يىلغا ئېنىپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن دەريا سۇلىرى تېز گىنىلىنىپ جاڭگاللارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا قاقاسلىشىپ، ئورمانلارنىڭ ئازىيىشى، قۇرۇپ كېتىشى، بوز يەر ئېچىش مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ياۋا تۇڭگۇزلار ئاپەتكە ئۇچراپ ياكى ئۆلتۈرۈلۈپ يوقىتىلدى، كېيىك، جەرەن قاتارلىقلار يىراقلاپ كەتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا تۈلكە، توشقان، قىرغاۋۇل يەنىلا بىرقەدەر كۆپ.

## 11. ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق ئاۋاتلىقلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يېتىپ كەلگەن بىر تارىخىي ئەنئەنىۋى ئادىتى. ئۆتكەن ئەمەلدارلاردىن يۇرت بەگلىرىنىڭ ھەممىسى قۇش قۇشلايتتى. كۇلاسلىق مەتنىياز شاڭيې، تۇگار ھاجى، غوروچۆلدىن باقىش ھاجى، تامتوغراقتىن دانى بەگ دېگەنلەر مەشھۇر قۇش باخشىلىرى ئىدى. بۇنداقلارنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يېتەتتى. قۇش ئارقىلىق كېيىك، جەرەن، ياۋا ئات، تۈلكە قاتارلىقلارنى تۇتاتتى. بۇ، ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئاساسەن توختىدى.

قارچىغا قۇشلاش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ھەر بىر كەنتتە بىرقانچە ياكى بىرقانچە ئون كىشى قارچىغا

قـوشلايـتـتـى . ئۇنـىـڭ بىلەن قىرغاۋۇل ، توشقان ، چىل ، ئۆردەك قـاتـارلـىقلارنـى ئوۋلايـتـتـى . بـۇ ئادەت ھەرقانچە چەكلەنسىمۇ يەنىلا داۋاملىشىپ كەلدى .

يـۇقـىـرىـقىدىن باشقا ، لاچىن ، قۇرغۇي ، سەندەل ، تـۇرۇمـتـاي قـاتـارلـىقلارنىمۇ ئۆگىتىپ ، قۇشلايدۇ . قىش كـۈنـلـىرى بولۇپمۇ قار ياغقان كۈنلىرى قارچىغا ، چوماق ، تـاياق قاتارلىقلار بىلەن قىرغاۋۇل ، توشـقان ئـوۋلايـدۇ . « ئۆشە » ( 50 — 60 مېتىر ياكى 1 ـ 2 يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تـوقـۇلـغان تـور ) تـارتـىـپ ، تـوشـقـان تۇتىدۇ .

قـىـرغـاۋۇل ، تـوشـقان ، كېيىك ، جەرەن ، تۈلكە ، تـۈگـۈز ۋە بـاشـقـا ھەر خـىـل ھايـۋانلارنىڭ ماڭىدىغان يـولـلـىـرىـغـا قـاپـقـان ، يۇلغۇندىن ياسالغان توزاق ، قىل قـىـسـمـاق قـويـۇپ ئاسـانلا تـۇتـىـۋالـىدۇ . بۇنى ئاياللارمۇ قىلالايدۇ . ھەر يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ تور قويۇپ قارچىغا تـۇتـىـدۇ . بـۇلار بـىـرەر قـارچـىـغىنى كۆرۈپ قالسا ، ئۇنى جەزمەن تۇتىۋالىدۇ . ئوۋنى قاچۇرۇپ قويمايدۇ .

### 12 . قاتناش ۋاستىلىرى

بـۇنـىـڭـدىن 90 — 100 يىللار ئىلگىرى ھارۋا ئانچە كـۆپ ئەمـەس ئـىدى . ئوتـۇننى كالىغا ئارتىپ ئەكىلەتتى . كـېيىنكى ۋاقىتتا ھارۋا كۆپىيىپ ، كالىغا ئوتۇن ئارتىدىغان

ئادەت تۇگەپ، هارۋىدا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

قاتناش ۋاستىلىرى ــ هارۋا، مەپە، كۆتەك هارۋا، تۆمۈر هارۋا قاتارلىقلار ئىدى. يەككە يۈرگۈچىلەر ئاتلىق، قېرى ـ ئاجىزلار ئېشەكلىك يۈرەتتى.

هارۋىغا ئات، كالا قوشاتتى، كۆتەك هارۋىغا كۈچلۈك بۇقا ياكى ئات قوشاتتى. تۆمۈر هارۋىغا تۆت ـ بەش ئات قوشۇپ، هارۋىنىڭ ئوقىغا (ئاستىغا) دىئامېتىرى 20 ــ 30 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان، تىلى يوغان قوڭغىراقلارنى ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاتنىڭ بېشىغىمۇ نۇرغۇن قوڭغىراقلارنى ئېسۋالاتتى.

ئېشەكنى، ئىنەك كالىنى هارۋىغا قوشىدىغان ئادەت يوق ئىدى. كوممۇنا قۇرۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولدى.

چىقىپ ماڭىدىغان هارۋىلارنىڭ ئۈستىگە فىلىڭ (سايىۋەن) ياساپ ماڭاتتى.

## 13. دېھقانچىلىق سايمانلىرى

يەرلەر بوقۇسا بىلەن ھەيدىلەتتى. ئۇنى ئىككى كالا سۆرەيتتى. سۆرەمنىمۇ ئىككى كالا بىلەن سۆرەيتتى. ئۆنچە ئالغاندا ئومۇمىيۈزلۈك چانا ئىشلىتەتتى. ئۆنچىنى كاتلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

بىلەن ئېلىپ چانىغا تاشلايتتى. شادىنىمۇ چانىدا ئالاتتى.
ئاشلىق، سامان قاتارلىقلارنى هارۋىدا توشۇيتتى. چانا
ئىشلىتىش 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ تەدرىجىي ئەمەلدىن
قالدى.

ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ۋە ئوتالغۇ ئىشلىرىنىڭ
ھەممىگە كەتمەن ئىشلىتەتتى.

جاڭگال يەرلىرىنى ھەيدىمەي ئۇرۇقنى
چېچىۋېتىپ، ئۇستىدىن شاخ سۆرىتىۋېتەتتى.
يەرگە ئىشلەيدىغان (ئوغۇت توشۇيدىغان) ۋاقتىدا
موللاقچى هارۋا (ساندۇق هارۋا) ئىشلىتىلەتتى. قىغ
چىقىرىشقا زەمبىل ئىشلىتىلەتتى.

### 14. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا 15 تىن ئارتۇق مانتىخانا، پولوخانىلار ۋە
لەغمەنخانىلار بار ئىدى. چىڭ هۆكۈمىتى تۆگەشكەندىن
كېيىن، مانجۇلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بەختى بەگ،
ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئەمەت بەگ دەپ ئاتاپ، ئۆز تىجارىتىنى
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يالغان مۇسۇلمان بولۇپ،
ئاشپەزلىك، ناۋايلىق دۇكانلىرىنى ئاچتى.

ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئورنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ،

يەنە 4 ـ 5 جايدا ناۋايخانىسى، شاگمىيەن ئۇن چىقىرىدىغان موفاگلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 60 ـــ 70 ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا كۇچالىق ئەمەتخان ئاشپەزنىڭ دۇكىنى بولۇپ، بۇ دۇكانلاردا مىللىيچە تاماقنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. دۇكاننىڭ ئىچىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە نەغمىكەشلەر نەغمە قىلىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا ئۇسسۇلچىلار ئويناپ تۇراتتى. خېرىدارلار بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، بىر تەرەپتىن تاماشا كۆرۈپ ھۇزۇر ئالاتتى. تاگجاگلار خېرىدارلارغا تاماق بۇيرۇپ قارلىغاچتەك سايراپ تۇراتتى. كۈتكۈچىلەرنىڭ مۇلايىملىقىدىن خېرىدارلارنىڭ كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى.

كوچىلاردا ناۋايخانىلار كۆپ ئىدى. نان، سامسا، پەرمۇدە، گۆش گىردە يېقىپ ساتاتتى. ناۋايلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ «ياغ يەپكەت! ياغ يەپكەت!» دېگەن ئاۋازلىرى بازارنى قاپلاپ كېتەتتى. بازارلىق روزى كۆك دېگەنلەرنىڭ ناۋايخانلىرى ئەڭ داگلىق دۇكانلاردىن ھېسابلىناتتى.

كېيىنكى ۋاقىتتا توختاخۇن ئاشپەزنىڭ دۇكىنى شۆھرەت تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەتخان ئاشپەز دەيدىغان يەنە بىرى داگق چىقاردى. تاماقنىڭ ئەرزانلىقى، سۈپەتنىڭ ياخشىلىقىدا ئاۋاتنىڭ داگقىنى باشقا يۇرتلارمۇ قىلاتتى. مانجۇ بەختى بەگنىڭ ئاشخانىسى راسا روناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېپىپ يۇرگەن كۇنلەردە ئاشخانىدىن ئېشەكنىڭ كالللىسى چىقىپ قېلىپ، مەجبۇرىي ئاشخانىنى تاقاتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يوقالدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى چاڭشۇ 1989 ـ يىلى ئاۋاتقا كېلىپ، ئازراق ئۆتۈپلا ۋاپات بولدى.

گۆش پىشۇرۇپ ساتىدىغان دۇكانلارمۇ كۆپ ئىدى. مەخسۇس قاسساپ بازىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر كوچىغا جايلاشقان ئىدى. يۇنۇس ئاقساقال، ئوغلى مەخسۇت ئاقساقال قاتارلىقلار قاسساپلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى. ئۆزلىرىمۇ قاسساپلىق قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا توختى موللا، مەخمۇت قاسساپ قاتارلىق قاسساپلار يېتىشىپ چىقتى. قىسقىسى، يېمەك ـ ئىچمەك ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇراتتى.

## 15. ئۆتمۈشتىكى ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى

ئۆتمۈشتە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ۋەزىپىلىرى ئايرىم ئىدى.

ئەرلەر ــ سىرتنىڭ ئەمگىكى، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىنى، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى قىلاتتى.

ئاياللار ــ تاماق ئېتىش، چۈنەكلىك ئوتاش، كېۋەز ئوتاش، چاق ئەگىرىش، كىيىم تىكىش قاتارلىق

ئىشلارنى قىلاتتى. ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا ئېتىز ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىدىغان ئىشلار ئاساسەن يوق ئىدى. يۇرتدارچىلىق، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمۇ ئەرلەرنىڭ ئىشى ئىدى. غەيرىي ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئىشلەيدىغان ئىش مۇتلەق كۆرۈلمەيتتى. ئاياللار ئەرلەر تەرەپىدىن قاتتىق كونترول قىلىناتتى. ئاياللاردا پاھىشە كۆرۈلسە، ئەرلىرى جەزمەن ئۆلتۈرەتتى. بۇ ئادەت 1954 ـ يىللاردىن باشلاپ ئازايدى.

ئۆنچە ئېلىش ۋە خامان ھەيدەش ۋاقىتلىرىدا يالغۇزلۇق تارتىپ قالسا، شۇ ئائىلە بويىچە ئىشلەشكە توغرا كەلگەندە قىز باللىرى بولسا، بىرەر ـ ئىككى كۈن ئاتىسىغا ياردەملىشەتتى، لېكىن دائىملىق ئەمەس ئىدى. جاڭگالدا چارۋىچىلارنىڭ بولسا، خوتۇن قىزلىرى ئانچە ـ مۇنچە ياردەم بېرەتتى. مەھەللە ئىچىدە كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ئاياللارنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىش دائىرىسى بويىچە ئىشلەيتتى.

### ئەمگەك قىلىش شەكلى

دېھقانلار يالغۇز ئىشلەشنى زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، قوناق ئوتاش، ئوما ئورۇش، قوناق ئۈزۈش، يەرگە ئىشلەش قاتارلىقلاردا 10 — 20 ئادەم لاپقۇتلىشىپ بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە غەزەل بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەيتتى . بۇلارنىڭ خۇددى بىر ئادەمنىڭكىدەك بىرلىككە كەلگەن ئاۋازلىرى يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى .

ئايالالار 10 ـــ 15 ئەتراپىدا بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بىرىنىڭ ئۆيىگە چاقلىرىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ بېرىپ ، لاپقۇت بىلەن چاق ئېگىرەتتى . شۇ ئائىلىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئايال كىشى مەسئۇل بولاتتى . شۇ سەۋەبتىن ئايالالار قىش ۋاقتىدا چاق ئېگىرىش ، ماتا توقۇش ، كىيىم تىكىش بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى . كېۋەز ناھايىتى كۆپ تېرىلاتتى . كېۋەز چۆرلەش ئايالنىڭ ئىشى دەپ قارىلىپ ، ئوتاش بىلەن چۆلەشكە ئەرلەر ھەرگىز يېقىن كەلمەيتتى ، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايالالار قىلىپ تۈگىتەتتى . بۇ خىل ئەمگەكلەردىمۇ لاپقۇتلىشىپ ئىشلەيتتى .

### زىرائەتلەر

بۇغداي ، قوناق ، شال ، كېۋەز ، زىغىر ، قىچا ، زاغۇن ، پۇرچاق ، كەندىر ، تېرىق ، ئارپا ، قوغۇن ، تاۋۇز تېرىلاتتى . بۇنىڭدىن بۇغداي ، ئاق قوناق ، گۈرۈچ قاتارلىقلار ئىستېمال قىلىناتتى . زىغىر ، كەندىر ، قىچا ياغلىرى يېيىلەتتى . چىگىت يېغىنى ئادەم يېمەيتتى ، ئۇنىڭدا هارۋا ياغلايتتى . چىراغقا قوياتتى . پۇرچاق ، تېرىق ، ئارپا قاتارلىقلارنى كالىغا ھەلەپ قىلىپ بېرەتتى .

سېرىق قوناقنى ئاتقا ۋە بودىغان چارۋىلارغا بېرەتتى.

كۆكتاتلار

سەۋزە، چامغۇر، كۇدە، قىزىلمۇچ، تەرخەمەك، بەسەي (يېسىۋىلەك)، كاپۇستا، پىدىنەن، شوخۇلا، پىياز، سامساق، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى بىرقەدەر كۆپ تېرىيتتى. ھەممە ئادەم چۇنە كلىككە مىزىگۇل، سەبدىگۇل، خېنە قاتارلىق تۇرلۇك ـ تۇرلۇك گۇللەرنى تېرىيتتى، خوتۇن ـ قىزلار قوللىرىغا (تىرنىقىغا) خېنە قوياتتى. ئوسمىنى كۆپ تېرىيتتى. چايلىرىغا قاراچاي ئورنىدا زىرە، دانەكچىنى سېلىپ ئىچەتتى. بەزىلەر يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلىنىش ئۇچۇن بوينىغا سامساق ئېسىۋالاتتى. كۆكتاتنى گۆش بىلەن قورۇپ يەيتتى. گۆشسىز قورۇما يوق ئىدى.

## 16. داۋالىنىش

ئۆتمۇشتە ئاۋاتتا دوختۇرخانا يوق ئىدى، چېچەك كېسىلى ھەر يىلى يۈز بېرەتتى. بىر ئادەمنىڭ 10 بالىسى بولسا، ئاز دېگەندە ئىككى، ئۇچى چېچەك بىلەن ئۆلۈپ كېتەتتى. بالىنىڭ دەردىنى تارتمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

باشقا كېسەللىكلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللەر يۈز بەرمەيتتى، قىسمەن ھالدا بىرەر

ئادەم تۇيۇقسىزلا يۈرەك كېسەلى بىلەن ياكى بىرەر جىددىي خاراكتېرلىك كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ خەۋىرى ئەتراپقا كەڭ تارقاپ كېتەتتى. كىشىلەر ئۇنى خۇدايىم ئىمان بەرگەن كىشى ئىكەن، ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بېرىپتۇ، دەپ قارايتتى.

پالەچ بولۇپ قالغانلارنى «جىن ئۇلۇشۇپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىپ پېرە ئويناتاتتى. دۇئا ئوقۇتاتتى. ئۇ شۇنداق يېتىپ ئاخىر ئۆلەتتى. بۇنداق ھادىسىلەر بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم بىرەر ئادەملەردە كۆرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقىلىپ قالاتتى.

داۋالىنىغۇچىلار مىللىي تېۋىپكە كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى قۇۋان پەينەك دېگەن بىرلا تېۋىپ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇمباش مەھەللىسىدىن مەتنىياز بەگ يېتىشىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئورنىنى غوروچۆل قىياقۇدۇقلۇق ھېلىماخۇن (پاڭ) باستى. ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ئاۋاتتا دوختۇر خانا قۇرۇلۇپ، ئىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە دوختۇرلىرىدىن مەتنىياز دوختۇرنىڭ مەسئۇللۇقىدا (ئاقسۇ بەش تۈگمەنلىك بولسا كېرەك) داۋالاش پونكىتى قۇرۇلدى. مەتنىياز دوختۇر يۈەنجاڭ، ئەبەيخان دورىگەر ئىدى. يەنە بىر ئوكۇل ئورغۇچى بار ئىدى. بۇ، پونكىت تېزلا دوختۇر خانىغا ئۆزگىرىپ ئادەم كۆپىيىپ، داۋالاش شارائىتى بارلىققا كەلدى.

## 17 . ئازادلىقتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى چاچ قويۇش ئەھۋالى

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئاۋات خەلقى ئارىسىدا چاچ قويىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. بۇ، دىنىي نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ قاتتىق چەكلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. چاچنى پەقەت مازار كەش تەركىدۇنياچى دەۋرىشلەر قوياتتى، قويغاندىمۇ چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ، كىر باسقان قاسماق چاچلىرى بىلەن سىياقى قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، چىچى يوقلىرى بېشىغا كىيىدىغان كۇلاھنىڭ چۆرىسىگە يالغان چاچ قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىۋېلىشى: بىز ئاللاھ يولىدا ئىبادەت قىلىپ، مازارلاردا تۈنەپ، چاچلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي بىھوش ھالەتتە ئۆتتۇق، بىزلەر ئاشق ـ مەجنۇنلار، دېمەكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن بەش ـ ئالتىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ بازار كۈنى (چارشەنبە) غەزەل بىلەن ساپايى چېلىپ كوچىمۇ ـ كوچا ماڭاتتى، كىشىلەر ئۇنى تاماشا قىلىپ ئارقىسىدىن ئەگىشەتتى، ئاتىغان نەزىرلىرىنى بېرەتتى.

كەچ بولغاندا، مۇشۇنداق دەرۋىشلەردىن 10 ـ 15 نەپىرى ئاۋات بازىرىنىڭ تۆت كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(هازىرقى پوچتا ئىدارىسى ئالدىدىكى چاسا ) پاختا بازىرىغا جەم بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ هارۋا ئوتۇن كەلتۈرۈپ ئۇلۇغ گۈلخان يېقىپ، قاتارى بىر ـ بىرىنى ئەگىشىپ گۈلخاننى چۆرىدەپ بىر كىچە تاڭ ئاتقۇچە غەزەل ئوقۇپ ساپايى چېلىپ ئۇخلىماي چىقاتتى . ئۇلاردىن بىرى هەر خىل بوزۇق ئىشلاردىن قوشاق قوشۇپ ئوقۇيتتى . هەر بىر مىسرا ئاخىرلاشقاندا قالغانلىرى « يا ئاللاھ ، هۇ ، يا ئاللاھ !» دەپ تووۋلايتتى . ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى هەرقايسى تىجارەتچىلەرنىڭ هەممىسگە قارىتىلغاندى . مەسىلەن :

قاسساپ ئەيىيار بولۇپتۇ ،
مالنى ئەرزان ئېلىپتۇ .
دېهقان كەلسە ئالدىغا ،
گوللاپ قىممەت سېتىپتۇ .

ئاشپەز ئەيىيار بولۇپتۇ ،
گۆشنى ئەرزان ئېلىپتۇ .
بازار كۈنى دېهقانغا ،
گۆش دەپ پىياز سېتىپتۇ .

دېگەنگە ئوخشاش پاش قىلىش ۋە تەنقىدىي سۆزلەر بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلايمىز دەپ بازار خەلقى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي تاماشا كۆرەتتى . تاڭ ئاتقاندا ئوتنى ئۆچۈرۈپ ، كۈلنى دەرۋىشلەر جەندىلىرىنىڭ

پەشلىرىگە پاك ـ پاكىز ئېلىپ ھېچنېمە قالدۇرماي، توغراق مازارغا ئېلىپ كېتەتتى. سورىغانلارغا «مازارغا كۆممىز» دەيتتى. گۇلخان سالغان جايغا نەچچە كۈنگىچە كىشلەر دەسسىمەيتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىگە ھەممە خەلق ھەيران بولۇپ، دەرۋىشلەرنى «ئۇلۇغ كىشلەر»، «ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى» دەپ قارايتتى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن كەچكۈچىلەر، گۈزەللىككە موھتاج ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىشقى تەگكەن دىۋانە، يەنى مەجنۇنلار دەپ تونۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پاخپاق چاچلىرى چەكلەنمەيتتى، بەلكى ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەيتتى.

مىنگو دەرۋىگە كەلگەندە يىلدىن ـ يىلغا بۇنداق پائالىيەتلەر گاھىدا ئەۋج ئېلىپ، گاھىدا يوقاپ تۇردى. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىللىرىدىن كېيىن، كېچىسى گۇلخان ياقىدىغان ئىشلار تۈگىدى. چاچ قويۇپ ساپايى چالىدىغان دەرۋىشلەر ئازادلىققا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسەن يوقىدى. چاچ قويغان ئاشىقلار (دەرۋىشلەر) نىڭ ئەڭ ئاخىرى 1958 ـ يىللاردا بارات ئاشىق بىلەن تاماملاندى.

ئىككىنچى بىر خىل چاچ قويۇش ئادىتىمۇ بار

بولۇپ، ئۇششاق ئوغۇل باللاردا كۆرۈلەتتى. ئوغۇل باللىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئەي بولمىسا، كېيىنكى تۇغۇلغان ئوغلى 40 كۈنلۈك بولغاندا مازارغا ئاپىرىپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، چېچىنى چۈشۈرەتتى، بېشىنىڭ چىك ئوتتۇرىسىغا تەڭگىنىڭ چوڭلۇقىدا يوپيۇملاق شەكىلدە چاچ قويۇپ، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى توختىنىياز ياكى «شېيخ» دەپ قوياتتى. بۇنىڭدەك باللارنى ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تىللاشقا بولمايتتى. ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ تىللىمايتتى. چۈنكى، مازارغا بارغانلىقى ئۈچۈن بىرقەدەر ئۇلۇغراق ھېسابلىناتتى. بۇ ئادەتنى «نىياز قىلدۇرۇش» دەيتتى. نىياز قىلىنغۇچى ئوغۇل بېشىدىكى چېچىنى ئىنچىكە ئۆرۈپ، يۆگەپ ئۈستىگە دوپپا، ياكى تۇماق كىيىۋېلىپ، چېچىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەيتتى. يېشى يەتتىگە ياكى توققۇزغا يەتكەندە نەزىر ئۆتكۈزۈپ، چۈشۈرىۋېتەتتى. ئاۋاتلىقلاردىكى «نىياز قىلدۇرۇش» ئادىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن مەدەنىيەتلىك چاچ قويۇش ئەرلەردە يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، زىيالىيلاردىن باشقا، ھازىرقى ۋاقىتتا دېھقان ياشلىرىمۇ چىرايلىق چاچ قويۇپ، پاكىز ياسىنىپ يۈرۈيدىغان بولدى.

## 18 . ئۆتمۈشتىكى كەيپ قىلىش ئەھۋالى

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاۋاتتا هاراق ئىچكۈچىلەر يېزىلاردا مۇتلەق يوق ئىدى . شەھەردىمۇ كۆرۈلمەيتتى . مىنگو دەۋرىدىن كېيىن تەخمىنەن 1915 ــ 1920 ــ يىللار ئەتراپىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى ــ ئۈچ ئائىلىلىك گۆرۈكەشلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئاقسۇدىن بىر خەنزۇ تىجارەتچى كېلىپ ، هاراق سېتىش دۇكىنى ئاچتى . دەسلەپتە هاراقنى ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئالاتتى . بارا ــ بارا قىمارۋاز ، لۈكچەكلەر يوشۇرۇن ئىچىدىغان بولدى . ئەمەلدارلار ئارىسىدىن داۋۇتخان دەپ يامۇلنىڭ بىر تىلماچ بېگى بار ئىدى . ئۇ هاراقنى تويغۇچە ئىچىۋېلىپ قازى ، مۇپتى ۋە مۆھرىدارلارنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىۋېلىپ دەرۋازىلىرىنى تېپىپ :

يارنىڭ ئېتى ئەمبەخان ،
قىچقىرسام لەببەي دەيدۇ .
ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغايدۇ ،
ھۆپۈپنى يۇگىدىماي يەيدۇ .

دەپ ۋارقىراپ ، ئۇلارنى « پارىخور » دەپ سەت تىللاپ ، ئەدىپىنى بېرىدىغان بولدى . ئاخىر ئۇ كىشىمۇ هاراق بىلەن ئۆلدى .

1930 ــ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، ھاراق دۇكانلىرىنى چېقىپ، ساتقۇچىنى ئاقسۇغا قايتۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ ھەمدە ئىسىملىك يەكەنلىك ئۇيغۇر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق، قول - بارماقلىرىنى كېسىپ زەيلىككە تاشلىدى. دېھقانلار قوزغىلىڭى تىنچلاندۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدىن كېيىن، ھازىرقى ئۆلچەم بىرلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراقلاشقان جايدا ھاراق ئىشلەش ئورنى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئىچىدىغانلار كۆپەيدى. بۇ ھاراقخانا ئازادلىقتىن كېيىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، ناھىيىلىك يېمەك - ئىچمەك ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئاۋات خەلقى مۇسەللەسنى ئومۇميۈزلۈك ئىچەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى شەرىئەت ھۆكۈمالىرىمۇ چەكلىمەيتتى، بەلكى قازى - قۇززاتلارمۇ ئىچەتتى. مۇسەللەسنى دېھقانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۆزلىرى قايناتتىپ توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە گويا مېھمان كەلسە چاي قويغاندەك، ھەممەيلەنگە بىر بىرلەپ مۇسەللەس تۇتاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇش مەشرەپلىرى ئۇزۇن داۋاملىشىپ، بىر ئاخشامدا شۇ ئائىلىدە قايناتقان مۇسەللەسنىڭ ھەممىسى تۈگەيتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم مۇسەللەسكە مېھمان چاقىرىش ئاۋاتلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇزۇم تۇگىگەن ۋاقىتتا خوتەن كىشمىشلىرىدىن، ياز كۈنى ئاق ئۇژمىدىن، ئۇزۇم پىشقىچە ئالدىراپ كەتكەنلەر تاۋۇزنىڭ سۈيىدىنمۇ قايىنتىپ ئىچىشەتتى. بازاردا ناسىر شاگىيىپ دەپ مەخسۇس مۇسەللەسچى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىملىك ئورنىغا كۈنىگە نەچچە يۈز ئادەم كېلىپ تۇراتتى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىبراھىم پاششاپ بىر ئۆمۈر مۇسەللەس تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەشھۇر بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەتنىياز قازان دېگەن كىشى داۋاملاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھويلىسىدا 15 ــ 20 دىن كۆتۈش ھۇجرىلىرى بار بولۇپ، ھەممىسىدە ئادەم كەم بولمايتتى. ئەمما مەست بولۇپ، كوچىلاردا رەسۋا بولغانلار كۆرۈلمەيتتى.

چېكىملىك ــ كۆك تاماكا، ناس چەككۈچىلەر يېزا ـ بازاردا كۆپ ئىدى. تاماكىنى قاپاق چىلىم بىلەن چېكەتتى. بازاردا تاماكا، ناسۋال دۇكانلىرىدىن بىر قانچىسى بار ئىدى. سىدىق شاگىيىنىڭ ئاتىسى توخنىياز ھاجى، دولان مەھەللىسىدىن مەكىتۋاي دېگەنلەر مەخسۇس كۆك تاماكا تېرىپ، غولجا قاتارلىق جايلارغا يۆتكەيتتى. كۇلاسلىق تۇگار ھاجىنىڭ ھويلىسىدىن مەدىل قارىنىڭ كۆۋرۈكىگە بارغىچە توخنىياز ھاجى ۋە ئوغلى ئېلىخان مەخسۇس تاماكا تېرىيتتى.

ناسۋالچىلىق دۇكانلىرىدىن مەتنىياز شاگىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتىسى قاسىم يول بېگى، سۇلايمان ناسۋال، ئۇنىڭ قىزى ئوغۇلخان، شاگىرتى مامۇت ئاخۇن ناسۋال دېگەنلەرنىڭ دۇكانلىرىمۇ خېلى نامدار دۇكانلاردىن ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن ئابلاخان ناسۋال ئۆز كەسپى بىلەن نام چىقاردى.

نەشە چەككۈچىلەرمۇ ھەر بىر مەھەللىلەردە بىر نەچچىسى كۆرۈلەتتى. بازاردا تۆت ــ بەش جايدا مەخسۇس نەشە چېكىدىغان ئورۇن بار بولۇپ، ئاقيول، ئابباس قاتارلىق مەيدانكەشلەر بار ئىدى. نەشە چېكىدىغان ئورۇننى «مەيدان» دەيتتى. ئۇنىڭ خوجايىنى «مەيدانكەش» دەپ ئاتايتتى. مەيدانلاردا ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە ئون ــ يىگىرمە بەڭگى كەم بولمايتتى. پۇلى يوق نامرات بەڭگىلەر مەيدانغا بېرىپ پۇلىغا چۇشلۇق چېكىشىپ كېتەتتى. ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە مەيداننىڭ ئۆگزىسىدىن نەشىنىڭ ئىس ــ تۈتەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. نەشىخورلار ھەرقايسى كەسىپ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە بار بولۇپ، مازاركەشلەر، قەلەندەرلەر، موللا ــ ئالىملار ئىچىدىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. تاماكا چەككۈچىلەرمۇ «بەڭگى» دېيىلەتتى. بۇنداقلارنى ھەممە ئادەم يامان كۆرەتتى. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا «ئۆيگە كىر گۆزمەك بەڭگى دېگەن ئىپلاسنى، تۆكۈلۈپ يوقىتىدۇ كىگىز بىلەن پالاسنى» دېگەن قوشاق بار ئىدى.

ئەپيۇنكەشلىك ـــ تەخمىنەن 1890 ــ 1895 ــ يىللار

بولسا كېرەك. ئاقسۇ كونا شەھەردىن نىياز باي دەپ بىر ئادەم كېلىپ، كۆكنار تېرىپ ئەپيۇن ئىشلەپچىقاردى. بۇ كىشى خەنزۇ تىلىنى ئوبدان بىلەتتى. ئىشلەپچىقارغان ئەپيۇننى سى جاڭ دېگەن بىر كىشىگە ئۆتكۈزەتتى. نىياز باينىڭ نىياسخان، زىۋەرخان دېگەن ئىككى قىزى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا كىرئۆرەتتىم. مەتنىياز مىراپنىڭ بېغى (بۇرۇنقى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى باغ)، قوۋان خاكتۇ، دۆلەت ئاخۇن، ھاشىم ھاجى (قاغىمۇش) نىڭ بېغى، يۈسۈپ بەگ ھاجىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپى (ھازىرقى باج ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئورنىدا) قاتارلىق جايلارغا كۆكنار تېرىيتتى. ئاقسۇ دوتەي يامۇلىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن پازىلكا، ھاپىزكا دېگەنلەر ئۇنىڭدىن ئەپيۇن ئېلىپ چېكەتتى. بەش ــ ئالتە يىلدىن كېيىن نىياز باي قايتىپ كەتتى. ئەپيۇن چەككۈچىلەر دەسلەپتە خەنزۇ گۆرۈكەشلەر بىلەن بىر نەچچە ئەمەلدار ئىدى. كېيىن «شۆتاڭ» دا ئوقۇپ چىققان ئۇيغۇر تۇڭچى، ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەپيۇنكەش بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ داۋامى ئازادلىقتىن كېيىن تەلتۆكۈس تۈگىدى. نەشە چېكىش مەيدانلىرى، ناسۋالچىلىق دۇكانلىرىمۇ يوقالدى.

1992 ــ يىل 8 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1946- يىلدىكى سايلام ۋەقەسى

مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى،گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت توختامىدىكى 11 ماددىلىق بىتىمدە : «قەشقەر ، خوتەن ، يەكەن ، ئاقسۇ ، قارا شەھەر ، قۇمۇل ، دىخۇا (ئۈرۈمچى ) قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى مەسئۇل بولۇپ نازارەتچىلىك قىلىدۇ . ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەك قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى مەسئۇل بولۇپ نازارەتچىلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى .

مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن يەكەنگە بۇرھان ئەپەندى ، قەشقەرگە سەيپىدىن ئەزىزى ، ئاقسۇغا ئابدۇرېھىم ئەيسا ، ئۈرۈمچىگە رەخىمجان سابىر ھاجى

قاتارلىقلار مەسئۇل بولدى.

1946 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچى نەنلياڭ نەنخۇايۈەندىكى ئىشخانىسىغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى شايۇپ قارىھاجى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ كاتىپى مەن (مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ) قاتارلىقلارنى چاقىرىپ قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىشقا 11 ماددىلىق بىتىم توختىمىغا قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرى بولغان رەخىمجان سابىر ھاجى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ خىزمەت ۋەكىلى، پولكوۋنىك خەمىت قاتارلىقلار قاتناشقانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى پاراسەتلىك، تەمكىن، پاساھەتلىك تىل بىلەن تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك يوليورۇق بەرگەنىدى:

1. بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىز خەلق ئۈچۈن. بىز ھەممە ۋاقىت، ھەممە يەردە خەلق بىلەن بىللە، ھەر قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشكۇل ئىشلارنىمۇ خەلق بىلەن بىللە ھەل قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاقسۇ سايلام ھەيئىتى ۋە باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ سايلام ھەيئەتلىرىمۇ، ئالدى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

2. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار. مۇسايۇپ داموللا ھاجىمغا ئوخشاش بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قوللايدىغان دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار. شۇڭلاشقا، ھەر ساھە، ھەر تەبىقە زاتلىرى ۋە ياشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىدىكى رولىنى جارىي قىلدۇرۇش كېرەك. سىلەرنىڭ جاسارەت بىلەن ئورۇنلايدىغان ۋەزىپەڭلار: خەلق ئاممىسى كىمنى سايلايدۇ؟ ئۇلار (قارشى تەرەپنى دېمەكچى) كىمنى سايلايدۇ؟ مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

3. 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھى بويىچە گومىنداڭ تۈرمىلىرىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە بارغاندا شۇ جايدىكى ھەربىي، ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىشنى شەرت قىلىپ قويۇپ، بۇنى دېموكراتىك

سايلام ھەرىكىتىنىڭ ئۇگۇشلۇق بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ، 11 بىتىمنى ئىجرا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قاراپ، ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ئىش كۆرۈشۈگلار كېرەك.

4. بەزى پەۋقۇلئاددە يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرايلى.

بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئېلىپ، 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يېتىپ باردۇق. ۋەزىپىمىز: توققۇز ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئىدى. 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاقسۇ يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى سىفەن مەكتەپ مەيدانىدا سايلام ھەيئىتى نامىدىن ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىپ، 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ۋە دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلماقچى ئىدۇق. يىغىن ئېچىلىش بىلەن شۇ مەيداندىلا گومىنداڭ ئاقسۇ ھەربىي قىسمىنىڭ چارلاش ئەترىتى قورال ئىشلىتىپ يىغىنغا قەستەن ۋەقە تۇغدۇرۇپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنى تارقىتىۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى بىز ئۈچۈن مۇرەككەپلىشىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

10 ــ ئاينىڭ 6 ــ ، 7 ــ كۈنلىرى خەلق ئاممىسى، زىيالىيلار بىر ئوچۇم گومىنداڭ ھەربىي ، ساقچىلىرىنىڭ پۈقراچە كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزلىرىنى نىقابلاپ مۇتتەھەملىك بىلەن 11 بىتىمگە ۋە دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىگە قارشى قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ، 11 بىتىمنى ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاقسۇ كوچىلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزدى ، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتتى . بىر تۈركۈم ئىلغار زاتلار ۋە ياشلار ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە مېھمانخانىسىغا كېلىپ سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى . توققۇز نەپەر ياش ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى خالايدىغانلىق مۇراجىئەتنامىسىنى ئابدۇرېھىم ئەيساغا تاپشۇردى .

10 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى كەچتە ئاقسۇ خەلقىنىڭ دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان ، زۇلۇمغا قارشى غەزەپ بىلەن قوزغالغان ھەرىكىتىنى كۆرگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەكبەر سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسانى ئىزدەپ كىردى ئۇ : «مەن خەلقتىن ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن ئەپۇ سورايمەن ، خىزمەت كۆرسىتىپ چىقىش يولۇمنى تاپىمەن» دېدى .

ئابدۇرېھىم ئەيسا سەممىيلىك بىلەن ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تۇرمىدە يېتىۋاتقان سىياسىي مەھبۇسلار ھەققىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى، مۇز داۋان ۋە «خان يايلىقى» تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى. بىز ئەكبەر بىلەن ئايرىم سۆزلىشىۋاتاتتۇق. بۇ سۆھبەتنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغان ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ساقچى باشلىقى ئەكبەرنى كاچاتلاپ، «سېنىڭ دېگەنلىرىڭ يالغان. سەن خائىن! مىللەتنى ئالداۋاتىسەن!» دەپ قوغلاپ چىقاردى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا ۋالىي ئابلىز مەخسۇمنىڭ سىياسىي كورلۇق بىلەن قىلغان بۇ قوپال ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ ئەھۋال بىز توققۇز ناھىيىدىكى سايلام ھەرىكىتىدە دۈچ كەلگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتنىڭ يەنە بىر سەۋەبكارى بولۇپ قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاقسۇدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا سايلام ھەيئىتى نامىدىن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە رادىئوگرامما بەردۇق. بىز يەنە مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمغا خەت ئەۋەتتۇق.

1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سايلام

ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە باردۇق. ئاۋات ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى ئىلغار زاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، دېھقانلار بىزنى ناھايىتى يۇكسەك روھ بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. ھەتتا ناھىيىدىن بىر قانچە چاقىرىم يىراق يوللاردا ئىختىيارىي تەشكىللەنگەن دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار ئالدىمىزغا چىقىپ سۈت ـ قايماق، قاتلىما يەل ـ يېمىشلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. بەزىلەر سايلام ھەيئىتىگە: «11 بىتىمنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ھىمايە قىلىمىز» دەپ توۋلاشتى. بىر سېۋەت ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كەلگەن 20 ياشلاردىكى ياڭ گۇڭخۇي دېگەن بىر خەنزۇ يىگىت سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ تاغام يەنئەن دېگەن يەردە، مەن ئاقسۇدا تۇغۇلغان. ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان. ھازىر باجخانىدا ئىشلەيمەن. بىز زۇلۇمغا قارشى تۇرىمىز، ھەر مىللەت خەلقى دېموكراتىيىنى، ئەركىنلىكنى خالايدۇ» دېدى. ئۇ شۇ چاغدا خېلى سەۋىيىلىك يىگىت بولۇپ، ئۇيغۇرچىنى چاقماقتەك سۆزلەيتتى. بىز ئاۋات خەلقىنىڭ بۇ ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغانلىقىمىزدىن، ئۆزىمىزنى باسالماي قالغانىدۇق.

بىز ئاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى

ناھىيىدىكى بىرقانچە دىنىي زات، مۆتىۋەر كىشىلەرنى يوقلىدۇق. ئۈچىنچى كۈنى مائارىپ ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتكارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. بۇ سۆھبەت يىغىنىدا خەلق ئەدەبىياتچىسى ھاشىخان ھەدە (ھاشىخان موللا ئىبراھىم) قورقماس روھ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن زۇلۇمغا قارشى، زومىگەرلەرگە قارشى، بەزى مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ بولمىغۇر قىلمىشلىرىغا قارشى بۇ قوشاقلارنى ئوقۇدى:

موللىنى موللا دېمەڭ، موللا نامەردتىن يامان،
موللىنى نامەرد دېگەن ھەممە نامەردىن يامان.
موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىدىن قاچقىن يىراق،
ئىشىنىپ كەتكىلى بولماس، مىكرى شەيتاندىن يامان.

ئەمەلدار ـ غالچىلار بولاپ خەلقتە قويمىدى بىر نان،
ھاشار ـ ئالۋاڭ، زۇلۇملاردىن بولۇپ قالدۇق مانا نىمجان.
بۈگۈن كەلدى ھۆرلۈكنىڭ خەۋەر يۇلتۇزلىرى چاقناپ،
ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىغا ئاتا قىلغاي خۇدا مىڭ جان.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك سەنىيخۇي، شىيەنداڭبۇنىڭ كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بىلەن 11 بىتىمنى ئىجرا قىلىش ۋە سايلام خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق.

بىر ئوچۇم گومىنداڭ گۇرۇھىنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە قارشى ئىچكى. جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، بىز تاكتىكا قوللىنىپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى دېگەندەك: خەلق كىمنى سايلايدۇ؟ ئۇلار كىمنى سايلايدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاقسۇ يېڭىشەھەر، ئاقسۇ كوناشەھەر، ئۇچتۇرپان، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ سايلام خىزمىتىنى تۇگىتىپ، ئاندىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ سايلىمىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قايتتۇق. قايتىش ئالدىدا ياڭ گۇاڭخۇي ۋە توت نەپەر ئۇيغۇر ياش سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيساغا ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ قاتنىشىش تەلەپنامىسىنى بەردى. ئاۋات خەلقىنىڭ شۇ جاپالىق تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن جاسارەتلىك روھى، قايناق ھۆرمەت، مۇھەببىتى قەلبىمىزدە ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا قاتارلىق توققۇز ناھىيىدە ئېلىپ بارىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، بارغان ۋاقتىمىزدا ئاۋات ناھىيىسىدىكىگە ئوخشاشلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ياشلارنىڭ شۇ زامان، ماكان ئىشتىياقىدىكى كۈچلۈك

ھۆرمەت، مۇھەببەتتىگە سازاۋەر بولدۇق. شۇنداقلا، بىر ئۇچۇم گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ 11 بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدەك مۇرەككەپ ۋەزىيەتكىمۇ دۇچ كەلدۇق. ھەتتا، ئۇلار ئابدۇرېھىم ئەيسا باشلىق سايلام ھەيئىتىدىكى بىز بىرقانچە كىشىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، نىقابلانغان بىر نەچچە گومىنداڭ ئەسكەر، ساقچىلىرىنى ئارقىمىزغا سېلىپ قويۇپ سۇيىقەست قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

نېمە ئۈچۈن ئاقسۇ سايلام ھەيئىتىگە قارىتا مۇنداق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

ئەينى چاغدىكى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بارىدىغان سايلام ھەرىكىتىگە نازارەت قىلىدىغان گومىنداڭ تەرەپنىڭ ۋەكىلى تۈركىستان دېگەن ئادەم دۆربىلجىندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، دۆربىلجىن خەلقى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مۇشۇ ئىنتىقامنى ئېلىش قەستىدە گومىنداڭ گۇرۇھى ئۆزلىرى ئۈچۈن شارائىتى بىر قەدەر قولايلىق بولغان ئاقسۇ سايلام رايونىنى تاللىۋېلىپ، سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا باشلىق كىشىلەرگە «خەلق ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن نىقاب بىلەن سۇيىقەست قىلماقچى بولغان. ئەمما، گومىنداڭ گۇرۇھىنىڭ

تۈركىستاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئاقسۇ سايلام ھەيئىتىگە قارىتىلغان بۇ سۈيىقەستتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 1946 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ بىزنىڭ تەدبىر قوللىنىپ، ھوشيار بولۇپ، ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز ئۈچۈن يوليورۇق بەرگەنىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ياشلارنىڭ، ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى دېموكراتىيىنى سۆيىدىغان ئىلغار زاتلارنىڭ ھىمايە قىلىشىدەك ئالىيجاناپ روھى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىر ئوچۇم گومىنداڭ گورۇھى بۇ سۈيىقەستلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىگە كەلدۇق. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سايلام ھەيئىتى نامىدىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئابدۇرېھىم ئەيسا كۇچا تۈرمىسىدە ياتقان يىگىرمە يەتتە نەپەر ياشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئېلان قىلدى. بۇ سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى، سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدە داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ 11 بىتىمگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرمىسە، سايلام ھەرىكىتى ئېلىپ

بارمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كۇچا خەلقى كۇچا كوچىلىرىدا «11 بىتىمنى ئىجرا قىلايلى، سايلام ھەيئىتى ۋەكىللىرىنى قارشى ئالىمىز، بىزگە دېموكراتىيە كېرەك» دەپ تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتتى. 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گومىنداڭ گېنېرالى جاۋ شىگۇاڭ سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيساغا سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيساغا كۇچا تۈرمىسىدىن ئون يەتتە نەپەر سىياسىي مەھبۇسنى قويۇۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچادىكى سايلام ھەرىكىتى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەكبەرنىڭ بىزگە بەرگەن سىياسىي مەھبۇسلار ھەققىدىكى مەلۇماتىنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىكى سايلام ھەرىكىتىدە مەلۇم رولى بولدى. ئەمما، ليۇ تۇەنجاڭ باشلىق بىر ئوچۇم گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئاقسۇ ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئېلىپ بارىدىغان دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى بېسىپ، قورقۇتۇش مەقسىتى بىلەن كۇچادا 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قانلىق شەنبە ۋەقەسىنى تۇغدۇرغانىدى. لېكىن، خەلق ئاممىسى تونۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇنى قاچۇرۇۋېتىشتەك بۇ نەيرەڭلەردىن قورقۇپ قالمىدى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ سايىلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسانى كىشى ئەۋەتىپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەر، ئاقسۇ كونا شەھەر ئىككى ناھىيىنىڭ سايلىمىنى توختىتىۋېتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپنى ئابدۇرېھىم ئەيسا رەت قىلدى. سەۋەبى: گومىنداڭچىلار ئاقسۇ سايلام ھەيئىتىگە قارىتا 2 ـ قېتىملىق يوشۇرۇن سۇيىقەست ھەرىكىتى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بىز ئۇرۇمچىگە قايتماقچى بولغىنىمىزدا كۇچادىكى پۈتۈن ماشىنىلارنى قامال قىلىۋالدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كۇچانىڭ سودىگەرلىرى، ئىلغار زاتلىرى، ياشلىرى ئىختىيارىي ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئون ئالتە ئات ھارۋىسى تەشكىللەپ ھەر بىر ھارۋىدا ئۈچتىن كىشى ئولتۇرۇپ، ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن ئىككىمىزنى ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان ھارۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگىچە ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ «ۋىلىس» ماركىلىق ماشىنىسىدا پۇقراچە كىيىنگەن يەتتە نەپەر گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرى بار ئىدى، بۇلار پۇرسەت تاپسىلا چۆل ـ جەزىرىدە ياكى ئايغىربۇلاق تېغى ئارىسىدا بىزنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قاراقچىلار ئىدى. لېكىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يولداش لوزى ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ماشىنىسىغا جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقى بايرىقىنى قاداپ، قاراشەھەر دەريا كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدا بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلقنىڭ ھىمايىسى بىلەن ساق ـ سالامەت قاراشەھەر دەريا كۆۋرۈكىگە يېتىپ كېلىپ، يولداش لوزىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. دېمەك، تارىخ بىزنىڭ شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. بىز شۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ: «بىز ھەممە ۋاقىت، ھەممە يەردە خەلق بىلەن بىللە. ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشلارنىمۇ خەلق بىلەن بىللە ھەل قىلىمىز» دېگەن دانا سۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆردۇق. 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنلا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا نامى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» گە «11 بىتىمنى كىم بۇزدى؟» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاقسۇدىكى بىر ئوچۇم گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى پاش قىلدۇق. 1947 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا

ئاۋات، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ياڭ گۇاڭخۇي قاتارلىق 21 نەپەر ياشنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش ئۈمىدى بىلەن يازغان خېتىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇمچى نەنخۇايۇەندىكى ئىشخانىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋغا تاپشۇردى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بۇ 21 نەپەر ياشنىڭ خېتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوبرازى. بىزگە بولغان ھۆرمەت، ئىشەنچ، ئۈمىدى» دېدى. شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە كۆپچىلىككە: «ئابدۇرېھىم ئەيسا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى جاغىستاي يېزىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇمۇشلۇق، قەيسەر زات، ئۇ گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىداپ دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن. شۇڭا، بىز ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدەك مۇرەككەپ شارائىتتا تۇرۇۋاتقان جاينىڭ سايلام خىزمىتىگە ئەۋەتكەن» دېگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سۆز قىلىپ: «ياڭ گۇاڭخۇي دېگەن ياش يولداش لوزىنىڭ راپاۋتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان بالا» دېگەنىدى. (لوزى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى).

1947 - يىلى 10 - ئايدا ئابدۇرېھىم ئەيسا بۇ

ئەھۋاللارنى ئىلىدا چىقىدىغان «ئويغان» گېزىتىدە «دەردمەن» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلدى. مەن 1947 ـ يىل 8 ـ ئايدا «ئىلى گېزىتى» دە ئاقسۇ، ئاۋات، كەلپىن خەلقىنىڭ، بوۋاي ـ مومايلارنىڭ قاتىلما ـ قايماقلارنى كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالغانلىقىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ يازغان «قەدىرلىك ئادەم» دېگەن شېئىرىمنى ئېلان قىلغانىدىم. مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى 1946 ـ يىلىدىكى سايلام ھەرىكىتىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكەن بەزى تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە بولغان قوليازما خاتىرەمنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئېلىپ بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەررىردىن :

ئابدۇرېھىم ئەيسا (1909 ــ 1958) ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدىن، شائىر، ئوقۇمۇشلۇق زات، مەنتىقىلىك تەپەككۇر، پاساھەتلىك تىل بىلەن توشقان ۋەتەنپەرۋەر چوڭ زىيالىي، جامائەت ئەربابى. ئۇ «دەردمەن» دېگەن تەخەللۇس بىلەن شېئىر، ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ 1943 ــ 1945 ــ يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلارنىڭ يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغان، شېڭ شىسەي گومىنداڭ تۈرمىلىرىدە ياتقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1 ــ دەرىجىلىك ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن، 50 ــ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر ئىلى قازاق ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.



مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ ــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن 2 ــ دەرىجىلىك مېدالغا ئېرىشكەن. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا «ئويغان» گېزىتخانىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە

ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، 50 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن يۇەنجاڭى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسى بولغان. ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىرقى ئىلمىي ئۇنۋانى تەتقىقاتچى.

ئۇ 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، ھازىرغا قەدەر 67 پارچە ئىلمىي ماقالە، 60 پارچىغا يېقىن شېئىر يازغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائىيلار بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسىنى ئىشلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان مەشھۇرى»، «دىۋانى قىدىر»، «بەھرام گور» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى چاغاتاي تىلىدىن نەشرگە تەييارلاپ، نەشر قىلدۇرغان. يەنە، «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

مۇشۇنداق بىر قاتار ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن تەتقىقاتچى مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ ئىلگىرى ـ ئاخىر ئامېرىكا، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەردە ئۆتكۈزۈلگەن

خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان . بۇ يىغىنلاردا ئىلمىي ماقالىلارنى ئوقۇپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن .

تەتقىقاتچى مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ ئاتاقلىق ئىجتىمائىي پەن ئالىمى ۋە تەشكىلاتچىسى بولۇپ ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك 47 قېتىملىق چوڭ ـ چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ تەشەببۇسچىسى ، تەشكىللىگۈچىسى ، رىياسەتچىسى بولغان .

ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ، ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە .

# ئاۋات خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرى

**ئابلەت ئىسرائىل**

## توي ـ تۆكۈن

قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ توققۇز نان بىلەن بىر ياقىلىق رەخت ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇنى نان تاشلاش دەيدۇ. بۇ كۈنى قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ تويلۇق كىيىمنى ۋە تويغا بېرىدىغان يېمەكلىك گۈرۈچ، گۆش، ياغ، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەر توغرىسىدا پۈتۈشىدۇ ۋە تويىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ توي بولىدىغان كۈندىن بىر كۈن بۇرۇن مال ـ كالا، ياغ، گۈرۈچنى قىزنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قىز تەرەپ ئۆيمۇ ئۆي تويغا ئېيتىدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ بەرگەن تويلۇقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ يېقىنلىرىدىن بىر قانچە ياكى بىر قانچە ئون ئائىلىنى ئېيتىدۇ. تويغا كەلگەنلەر تەييارلىغان سوۋغىنى سەككىز ناننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئەر تەرەپ ئېيتقانلار ـــ ئەر تەرەپنىڭ ئۆيىگە، ئايال تەرەپ ئېيتقانلار ـــ ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئېلىپ كەلگەنلەر سەككىز ناننى «بىر توققۇز نان» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتايدۇ .

سەككىز نانى «بىر توققۇز نان» دەپ ئاتاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۈزۈلمەس بىر قائىدە ـ يوسۇن بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭدىن ئۈچ نانى ئېلىپ، قالغىنىنى داستىخاندا قالدۇرۇپ قويىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەر كاكچا نان ئەكىلىدۇ . تويدا گۆش بېسىپ پولو ئېتىدۇ . تويغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە (داستىخان كۆتۈرۈپ بىر توققۇز نان ئەكەلگۈچىلەرگە) ئاش يۆگەپ قويۇلىدۇ .

قۇدا تەرەپكە گۆشنى پىشۇرۇپ قوينىڭ پۈتى بىلەن قۇيرۇقىنى باسقاندىن سىرت، بىر قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن پىشۇرۇپ «ئۇچا» تارتىدۇ . تويىنى كەچقۇرۇن تاماملايدۇ . ئەتىگەندىن كەچكىچە مەشرەپ قىلىپ ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ . كۆپىنچىلەر ئەتىيازلىق چاقپەلەك ئويۇنىغا توغرىلاپ توي قىلىدۇ . بەزىلەر ھېيتقا توغرىلايدۇ . توي ئون كۈن ياكى بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ . توي كۈنى كەچقۇرۇن ئاشنى قويۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن، شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى يىگىت بىلەن قىزغا نىكاھ ئوقۇيدۇ . يىگىت ئۆز قولداشلىرى بىلەن ئىمامنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرىدۇ . نىكاھ ئوقۇلۇشقا باشلىغاندا قىز ياكى ئوغۇل تەرەپتىن بىر ئايال يوشۇرۇن كېلىپ، يىگىتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى يېنىدىكى قولداش يىگىتنىڭ چاپىنىنىڭ

پېشىگە تويدۇرماستىن پۇختا يىپ بىلەن مەھكەم تىكىپ چېتىۋېتىدۇ. بۇ «نىكاھ چىگىسۇن» دېگەننى بىلدۇرىدۇ. نىكاھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتلەر تارقىغاندا چاپاننىڭ پەشلىرىنى ئاجرىتالماي سۆرۈشۈپ قالسا ئاجايىپ قىزىقچىلىق بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا چاپاننىڭ يىرتىلىشىغا قارىماي سىلكىپ تارتىپ ئاجرىتىدۇ. ئەگەر چاپاننى تىككۈچى ئايال يىگىت تەرەپنىڭ يېقىنلىرىدىن بولسا، يىگىتنى خىجالەتچىلىكتە قويماي بوشراق تىكىپ قويىدۇ.

نىكاھ قىلىشتا رازىلىقنى، ئىمام بىۋاستە ئالىدۇ. قىزغا ۋەكىل كىرگۈزىدۇ. قىز رازى بولمىسىمۇ ۋەكىل ئىمامنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئۆزۈمنى قوبۇل قىلدىم» دېدى دەپ يەتكۈزىدۇ. ئاندىن بىر پارچىدىن ناننى تۇزغا چىلاپ يىگىت بىلەن قىزغا يېگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز يىگىتنىڭ رەسمىي نىكاھىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. نىكاھ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىزنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا قىزنى ئېلىپ ماڭغان يولغا مەھەللە ياشلىرى گۈلخان يېقىپ ۋە يولغا ئارغامچا تارتىپ يىگىت ـ قىزنىڭ يۈزى يېپىلغان ھالدا ئاتقا مىنگەشتۈرىدۇ. بىر يىگىت ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ گۈلخاننى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قولداشلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. نەغمىكەشلەر «جۇلا باياۋان» مۇقامىنى ئېيتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com

قىزغا قىز تەرەپتىن ئىككى ئايال يەڭگە بولۇپ بارىدۇ . يەڭگىلەر قىزغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگىتىپ قويىدۇ . يىگىت قىزنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە يول ئۈستىگە ئالدىن تەييارلىق بىلەن سېلىنغان گۈلخان ۋە توساقلارغا دۇچ كېلىدۇ . بۇ چاغدا يەڭگىلەر يول توسقۇچىلارغا رەخت تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ . يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتتىن ياكى هارۋىدىن چۈشكەندىن كېيىن ، يىگىت تەرەپتىن بىر ئايال قىز كىرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ، ئۆيىگە هېچكىمنى كىرگۈزمەيدۇ . قىزنىڭ يەڭگىلىرىگە قىز توغرىلىق «ئاش ئېتەلەمدۇ ؟ ئۆي سۈپۈرەلەمدۇ ؟ چوڭلارنى هۆرمەت قىلامدۇ ؟ چاق ئىگىرەلەمدۇ ؟ يىڭنە ئىشى قىلالامدۇ ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ ، بىر ئايالنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ جاۋاب ئالىدۇ . يەڭگىلەر سورالغان سوئاللارنىڭ هەممىسىگە «قىلالايدۇ » دەپ جاۋاب بېرىپ رازى قىلىدۇ . ئاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ كىرگۈزىدۇ . ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ . ياتىدىغان چاغدا يەڭگىلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېنىغا ياندىشىپ ئورۇن سېلىپ يېتىپ ، قىزنى تۇنجى ئاخشىمى قوغدايدۇ . ئۇ پەقەت بىر ئاخشاملا بولىدۇ . قىزنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققاندا قىز يۈزىنى يېپىپ

ئۇنـلـۇك ئاۋاز بـىـلـەن يـىغلايـدۇ. چـۈنكى، ئۇ زامانلاردا قـىزلاردا نـىـكـاھ ئەركـىـنـلىكى يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن قـىزلارنـىـڭ يېشى كىچىك ياتلىق قىلىنغاچقا، قىز يىغلاپ ماگاتتى. بۇ يىغلاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەچكە هازىرقى ئۆزلىرى خالاپ توي قىلغانلارمۇ رەسمىيەت ئۈچۈن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ، ئۇنـلـۇك ئاۋاز بـىـلـەن يىغلىغان بولۇپ ماگىدۇ.

كـېـيـىـنـكى ۋاقـىتلاردا، ئاۋۋال قـىـزنـى ئاتـقا مـىـنـگـەشتۈرۈپ بـىـر يـىگىت ئاتنىڭ جۇلاسىنى تۇتۇپ گـۈلـخـانـنـى ئايلانـدۇرۇپ، يېتىلەپ ماگىدىغان ئادەتنىڭ ئورنـىـغا قـىـزنـى كىگىز ياكى گىلەمدە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر قـانـچـە ئادەم تـۆت بۇرجەكتىن تۇتقانچە هارۋىغا تاشلاپ، نۇرغۇن هارۋىلار بىرگە يولغا چىقىپ، قىز بار هارۋىنى يول تـوسـقـۇچـىلاردىـن يـوشـۇرۇن ئۆتـكـۈزۈپ كـېـتـىدىغان قائىدىلەرمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان.

تـويـنـىـڭ ئىككىنچى كۈنى يەگگە بولۇپ كەلگەنلەر قـايـتـقـىـچىلىك قىز تەرەپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئىككى لېگەن پـولـو بـىـلـەن ئىسسىق شورپا ياكى ئىككى چەينەك ئىسسىق چـاي ئەۋەتـىـدۇ. بۇنى قىز ـ يىگىتلەرگە يېگۈزىدۇ. بەزى رايـونلاردا قـىـز ـ يـىگىتلەرنىڭ بېشىغا داستىخاننى يۆگەپ شـورپـىـنـى ئىچـۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئادەتلەرنى «هورداتقۇ» يـاكـى «يۈز هورداتقۇسى» دەپ ئاتايدۇ. پولو بىلەن ئاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاش ئېلىپ كەلگەنلەر يىگىت تەرەپنى قىزنىڭ ئۆيىگە ياندۇرۇپ چايغا ئېيتىپ قويىدۇ. بۇ كۈنى (ئىككىنچى كۈنى) قىز تەرەپ ياندۇرۇق چاي ئۆتكۈزىدۇ. توي تۈگىگەندە ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنى ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. يەنە تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئوغۇل تەرەپ ياندۇرۇپ چاي بېرىدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ قىز تەرەپكە دۇمبە ـ قۇيرۇق تارتىدۇ. ياندۇرۇق چايغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە يېقىن كىشىلىرى قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تويىنىڭ زۆرۈر بولغان رەسمىيەتلىرى ئاخىرلىشىدۇ.

## جوۋان توي

قىزلار ياتلىق بولۇپ بىرنى تۇغقاندىن كېيىن ياكى ھامىلىدار ۋاقتىدا قىزنىڭ ئاتىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا پۈتۈن يۇرتنى چاقىرىدۇ. بۇ تويغا كەلگەنلەر بىر توققۇز نانىنىڭ ئۈستىگە سوۋغا قويۇپ كېلىدۇ ۋە يەنە سوۋغاتتىن باشقا بىر قول ياغلىق ئالما ئېلىپ كېلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بىر قانچە تال بولسىمۇ ئالما ئەكېلىشى شەرت. بۇ تويدا مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. جوۋان بولغۇچىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى تېرىپ، چىرايلىق زىننەتلەپ، گىرىم قىلىدۇ. چاچلىرىغا ئەشمە سالىدۇ. بېشىغا قاش، نوھول قادايدۇ. چېچىغا كۈمۈش گۆيەك

ئېسىپ مەشرەپتە ئۇسسۇل ئوينىتىدۇ. بازار كونى يەنە شۇنداق گىرىم بىلەن پەردازلاپ، كوچىمۇ - كوچا ئايلاندۇرۇپ تاماشا قىلدۇرىدۇ.

يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قىزىنىڭ جۇۋان تويىدا چاقپەلەك قاداپ ئوغلاق سالىدۇ ۋە جۇۋان بولغۇچىنى چاقپەلەكتە ئۇچۇرىدۇ. ۋاقتى بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ. جۇۋان توي بىر ئايالنىڭ ھاياتىدا بولمىسا مۇتلەق بولمايدىغان چوڭ توي بولۇپ، سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ تويىنى «جۇۋان توي» ياكى «چاشۋاغ توي» دەپ ئاتايدۇ.

#### خەتمە توي

ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە «خەتمە» قىلىدۇ. بۇ چاغدىمۇ چوڭ توي ئۆتكۈزىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر بىر توققۇز ناننىڭ ئۈستىگە سوۋغات قويۇپ كېلىدۇ. تويدا پولو ئېتىپ، كەلگەنلەر قايتىشقاندا ئاش يۆگەپ قويىدۇ.

### ئۆلۈم ئۆزۈتۈش

ئادەم ئۆلسە شۇ ھامان ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرى قارىلىق تۇتۇپ قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ. بىر نەچچە ئادەم ھەر تەرەپكە بېرىپ پۈتۈن يۇرتنى مېيىت نامىزىغا ئېيتىدۇ. نامازغا ئەر - ئايال ھەممە ئادەم كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈك ئىگىلىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. مۇسىبەت بولغانلار ئەرلەر بېشىغا ئاق دوپپا ياكى ئاق تۇماق، ئۇچىسىغا قارا تون كىيىپ، بېلىگە ئاق بەلۋاغ باغلايدۇ. ئاياللار ئاق كۆڭلەك، قارا چاپان كىيىپ يوغان ئاق رومالنى پۈتۈن گەۋدىسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئېچىپ سېلىپ، بېشىغا «قىزغاچ» چىگىپ، ئۇچىنى ئىككى تال چاچقا ئوخشاش تاپىنىغىچە رومال بىلەن تەڭ ساڭگىلىتىپ قويىدۇ. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقىپ، ئۆلگۈچىگە بولغان مېھرىنى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى قوشاق بىلەن ئىپادىلەپ، نامازغا كەلگەنلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن مېيىتنى تاختايدا ياتقۇزۇپ پاكىز يۇيۇپ، غۇسۇل قىلدۇرۇپ بولۇپ كېپەنلەيدۇ. مەھەللىنىڭ ئىمام ـ مەزىنلىرى ئۆگۈزگە چىقىپ تۈنۈكتە ئولتۇرۇپ قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىدىن «تاھا» نى ئوقۇپ تاماملايدۇ. ئۆي ئىگىسى بۇلارغا «مېيىت ھەققى» دەپ بىر كىگىز، كۆرپە، چوڭ چىنە، پىيالە ياكى ئاياغ، چۆچەك، ھېجىر، قوشۇق، بۇغداي (بىر قانچە چارەك) قاتارلىقلارنى ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تۈنۈكتىن سۇنۇپ بېرىدۇ. جەسەتنى يۇغانلارنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېيىتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بېرىدۇ. باش كىيىمى بىلەن كۆپرەك كىيىمىنى ئالدى بىلەن يۇغان كىشى ئالىدۇ. قالغان

قىسمىنى كىيىن يۇغانلار ئالىدۇ. «كېپەنلىك» كە ئاق ماتا ياكى خەسە ۋە ياكى سىيامبو ئىشلىتىدۇ. ئەر بىلەن ئاياللىنىڭ كېپەنلىكى ئۈچ قەۋەت بولىدۇ. بىرىنچىسى «ئىزھار» دېيىلىدۇ. بۇ كالتە كۆڭلەكلىكى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تىزىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئىككىنچىسى «قەمىس» دېيىلىدۇ. بۇ كۆڭلەكلىكى تىزدىن سەل ئاشىدۇ. ئۈچىنچىسى «لىپاپە»، دېيىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن كۆڭلەكلىكى بولۇپ، پۇتىنىڭ ئۈچىدىن بىر سىقىم، باشىنىڭ ئۈچىدىن بىر سىقىم ئاشىدۇ. كېپەنگە ئېلىشتا ئاستىغا لىپاپە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەمىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىزھارنى قويىدۇ. بىر بىرلەپ يۆگەپ ئاخىرىدا لىپاپىنىڭ ئىككى ئۈچىدىن بوغىدۇ.

ئاياللارنىڭ «سىنەبەند» (كۆكرەك تاڭغۇچ)، لېچەك (رومال) ئىككىسى ئارتۇق بولىدۇ. «سىنەبەند» دېگەن بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى لاتا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆكرەكىنى تېڭىپ قويىدۇ. «لېچەك» باشقا سالىدىغان رومال بولۇپ، يۈزىدىن باشقا جاينى يېپىپ تۇرىدۇ. مېيىتنى جىنازىدا تۇرغۇزۇپ، ئەرلەر نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى بالا ـ ۋاقىلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەھلى ـ بۇرادەرلىرى بەس ـ بەس بىلەن جىنازىنىڭ پۇتىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئالمىشىپ ماڭىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرى جىنازىنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تۇپراق بېشىغا بارغۇچە يىغلاپ بارىدۇ . مېيىتنى پات ـ پات توختاپ ، ناھايىتى ئاستا ئېلىپ مېڭىپ ، ھەر يۈز مېتىردا بىر قېتىم توختاپ مېيىت ھەققىدە دۇئا قىلىپ ماڭىدۇ . بۇ مېيىتنى بىردەم بولسىمۇ كۆپ ئۆيدىن بەھرىمەن قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئوغلى يوقلارنىڭ ئۆلۈمى غېرىپ مېيىت بولىدۇ . ئىگىسى بولمىغاچقا ، مېيىتنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ . ئاياللار مېيىت بىلەن بىرگە تۇپراق بېشىغا بېرىشقا بولمايدۇ . بۇنداق ئۆلۈم كىشىلەرنى ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ .

يەرلىكنى «ئىچ يەرلىك » ، «تاش يەرلىك » دەپ كولايدۇ . تاش يەرلىكنى تۆت كۋادرات مېتىر كەڭ ۋە ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندىن كېيىن ، غەربىي تېمىدىن تۆشۈك ئېچىپ لەخمە ئويۇپ كىرىپ شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشىدە ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر ، بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ئىچ يەرلىك كولايدۇ . ئېگىزلىكى ئولتۇرغان ئادەمنىڭ بېشى تاقاشمىغۇدەك بولسا بولىدۇ . مېيىتنى ئېلىپ كىرىپ بېشىنى شىمال تەرەپكە ، پۇتىنى جەنۇب تەرەپكە قىلىپ ياتقۇزۇپ ، يۈزىنى ئېچىپ قىلۇىغا قارىتىپ قويىدۇ . تۇپراق بېشىغا كەلگەنلەر مېيىتنى يەرلىككە ئېلىپ كىرگەندىلا بىر سىقىم توپا ئېلىپ ھەممە ئادەم «دۇرۇت » ئوقۇپ «دەم» سالىدۇ . مېيىتنى ياتقۇزۇپ بولغاندىن

كېيىن ، دۇرۇت ئوقۇلغان توپىنى بىر كىشى پېشىگە يىغىپ دەپىنى قىلغۇچىلارغا يەتكۈزىدۇ . دەپنى قىلغۇچىلار دۇرۇت ئوقۇلغان توپىنى مېيىتنىڭ كېپەنلىرىنىڭ ئۈستىگە سېپىدۇ . مېيىتنىڭ باش تەرىپىگە «جاۋابنامە» ، «قۇرئان» قويۇپ قويىدۇ ياكى جاۋابنامىنى بىر كېسەككە قول بىلەن يېزىپ ، باش تەرەپتە قويۇپ قويىدۇ . ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مېيىتنىڭ ئىگىسى يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ . ئاندىن كېيىن بىرقانچە ئادەم ھەمكارلىشىپ تاش يەرلىكنى تىندۇرىدۇ . ئىچ يەرلىكنىڭ ئۈستىگە توپا توپلاپ قىر سېلىپ ، باشىنىڭ ئۇدۇلىغا كېسەك قويۇپ نىشان قىلىدۇ . ئاندىن كېيىن ئۈژمە شېخى ياكى مېۋىلىك دەرەخ شېخىدىن بىر تال شاخنى قاداپ بەلگە قىلىدۇ . بۇنى «توغ شادا» دەپ ئاتايدۇ . ھەر يىلى ھېيت نامىزىدىن كېيىن يېڭىدىن بىر تال شاخ قاداپ قويىدۇ . ئۇنىڭ ئۇچىغا ئاق لاتىغا ئايەت يېزىپ ئەلەم قىلىپ قويىدۇ . بەزىلەر قوشقار مۈڭگۈزى ، ئات قۇيرۇقى قاتارلىقلارنىمۇ ئاسىدۇ . ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ياغاچ قەبرە ياكى قۇببىلىك ياسىداق يوغان گۈمبەز قوپۇرىدۇ . بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قائىدە ـ يوسۇن بولغاچقا ، ھەرقانداق زاماندا ئۆزگەرمەيدۇ . بەزى جۇغراپىيىلىك شارائىتى ناچار ، تۇپراقلىرى يۇمشاق «ئىچ يەرلىك» چىقمايدىغان قۇملۇق ،

زەيلىك جايلاردا تېيىز (بىر ، بىر يېرىم مېتىر) كولاپ ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ قەبرە قىلىپ قويىدۇ ياكى كارىزنىڭ تۆت تېمىنى ساندۇققا ئوخشاش قىلىپ ، چىدامىلىق ياغاچ بىلەن گىرە قىلىپ تىزىپ چىقىپ ، ئۈستىنىمۇ ياغاچ بىلەن ياپىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرە قىلىدۇ ياكى شۇ پېتى ئېچىلىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئۈستىنى پۇختا كۆمۈپ ، تۇغ شادا قاداپ قويىدۇ . بۇنى «شامگۆر» دەپ ئاتايدۇ . مېيىتنى كۆمگەندىن باشلاپلا ئۈچ كۈنگىچە تۇپراق بېشىغا چىدىر تىكىپ ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ياكى بىر قانچە موللا قۇرئان تامام قىلىدۇ . كېچىسى تۇپراق بېشىدىن ئادەم ئايرىلماي تاڭ ئاتقۇچە بىرقانچە ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن «ئەزان» توۋلاپ تۇرىدۇ . ئۈچ تەلىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىدۇ .

مېيىتنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى 40 كۈنگىچە چاچ ساقىلىنى چۈشۈرمەيدۇ . 40 كۈن تولغاندا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قارىلىق چاي قىلىپ ، مۇسىبەت بولغۇچىلارنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قارىلىق كىيىمنى سېلىۋېتىدۇ .

# ئاۋات خەلقىنىڭ بەزى ئادەتلىرى

**ئەيسا ئەرشىدىن**

**نەزىر - چىراق**

نــەزىــر ـ چىراق بىرقانچە خىل بولىدۇ . بۇلار ئۆلۈم ئۇزىــتــىــش نــەزىــرى ، زاراخەتمە ، خۇدايى نەزىر ۋە چىراق ئۆتــكــۈزۈش نــەزىــرى قاتارلىق ھەر خىل سەدىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . « نەزىر » بىلەن « چىراق » بىر ـ بىرىدىن زور پــەرقــلــىــنــىــدۇ . چىراقمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ . ئەمما ھەممىسى نەزىر ھېسابلىنىدۇ .

ئۆلــۈم ئۇزىــتــىــش نــەزىــرى ـــ بــۇمــۇ تــۆت قــېتىم ئۆتــكــۈزۈلــىــدۇ . بــۇلارنــىــڭ بــىــر ـ بــىرىنىڭ خاراكتېرى ئوخــشــاش بولمايدۇ . بۇلار ئۈچ نەزىر ، يەتتە نەزىر ، قىرقى نەزىر ۋە يىل نەزىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ئۈچ نــەزىــر ـــ ئادەم ئۆلــگــەنــدىــن كــېــيــىــن ئۈچ كــۈنگىچە جامائەت بامدات نامىزىدىن يېنىپلا تۇپراق بېشىغا بېــرىــپ مــېــيــىــتــنىڭ تەلىنى ئوقۇيدۇ . ئۈچىنچى كۈنى ئەتــىــگــەنــدە تــەلــىــنــى ئوقــۇپ بــولغاندىن كېيىن ، تەلىگە كەلگەنلەرگە نەزىر بېرىدۇ . ئۇنى « ئۈچ نەزىر » دەيدۇ .

يــەتــتە نەزىر ـــ يەتتە كۈن بولغاندا يۇرت ئەھلىنى

نەزىرگە ئېيتىدۇ . ئۆي ـ ئۆيدىن بىر توققۇز نان كۆتۈرۈپ كېلىدۇ ( نەزىرگە يەتتە كاكچا ئەكىلىپ « بىر توققۇز » دەيدۇ ) . نەزىرگە شويلا ئېتىپ ئۈستىگە « سىدەك » سېلىپ ئاش قويىدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىغا قۇيماق ئالىدۇ . داستىخان كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ نېنىدىن ئىككىنى ئېلىپ قېلىپ ، ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قۇيماق يۆگەپ قويىدۇ . ھەتتا ئۇششاق بالىلارغىچە قۇيماق تارقىتىدۇ . يەتتە نەزىر ئەڭ چوڭ نەزىر ھېسابلىنىپ ، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ .

قىرقى نەزىر ــ قىرىق كۈن بولغاندا ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇنىڭغا ئۇرۇق ـ ئەۋلاد ۋە قولۇم ـ قوشنا ، مەھەللىلىكلەرنى ئېيتىدۇ . دائىرىسى چوڭ بولمايدۇ . نەزىرگە ئۇلاپلا ئارقىدىن قارىلىق چاي بېرىپ ، ئۆي ئىگىسى تەرەپ قارىلىق تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا رەخت قويۇپ قارىسىنى ئۈشتۈپ ، چېچىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ . باشقىلارمۇ ئۆي ئىگىسىنى ئۆيمۇ ئۆي چاقىرىپ ئالدىغا رەخت قويۇپ ، چېچىنى چۇشۇرتۇپ قارىسىنى ئۈشتۈپ قويىدۇ .

يىل نەزىر ــ بىر يىل بولغاندا ئۆتكۈزۈلۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەھلى ـ مەھەللىگە بېرىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بېرىدىغان نەزىر تۈگەپ ، ھەر ئازنە كۈنى ۋە روزى

ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزىدا قەبرىنى يوقلاپ دۇئا ـ تەگبىر قىلىپ تۇرىدۇ. يېقىن بولسا ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ تۇپراق بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ قايتىدۇ.

زارا خەتمە ـــ ھەر يىلى ھېجرىنىڭ ھوشۇر ئېيىدا ئۆي ـ ئۆيدىن قازان ـ قۇمۇشلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ، تۇپراق بېشى ئەتراپى ياكى خانىقا، مەسچىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەرگە ئوچاق كولاپ، قازان ئېسىپ گۆش توغراپ ئۇماچ ياكى شويلا ئېتىدۇ. كەڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا سورۇن تۈزەپ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئەرلەر سورۇنغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ھەر بىر قازاندىن بىرنەچچە ئاياغ ئاش ئۇسۇپ سورۇنغا ئاپىرىدۇ. قالغان ئاشلىرىنى ئاياللار بىر ـ بىرىگە سۇنۇشۇپ ئۆزلىرى ئىچىشىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا پەۋقۇلئاددە ئاپەت يۈز بەرسىمۇ زاراخەتمىگە چىقىدۇ.

خۇدايى نەزىر ـــ بۇنداق نەزىرنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى بولمايدۇ. شۇ ئائىلە مۈشكۈل ئىشقا يولۇقۇپ قالسا، قۇرۇق سۆز ـ قۇرۇق تۆھمەتكە ئۇچراپ قالسا، ئوخلىغاندا چۈشى بۇزۇلۇپ قالسا، ئاشۇ خېيىم ـ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، خۇدا يولىدا خالسانە نەزىر بېرىدۇ. بۇنىڭغا كەلگەنلەر نان كۆتۈرمەي كېلىدۇ. بۇ نەزىرنى كۆپىنچە ئەرلەرگە بېرىدۇ. يەنە ھەق ئالماي غېرىب ـ غۇرۋالارغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلەندەرلەرگە بىرىنچى نەرسىلەرمۇ «نەزىر» ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى «سەدىقە نەزىر» دەپ ئاتايدۇ. نەزىر بېرىشنى ھەممە ئادەم چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق مىللەتنىڭ قايسى دىن، قايسى مەزھەپتىن بولۇشىنى سۈرۈشتۈرمەيلا تۇرمۇش مۇشكۈلچىلىكىگە ئۇچرىسلا ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىپ قۇتقۇزىدۇ.

چىراق نەزىرى — بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت نەزىرى بولۇپ، چىراق بىرقانچىگە ئايرىلىدۇ. ھەر بىر چىراقتىكىلەرنىڭ ئۆتكۈزۈش قائىدىسى بولىدۇ. ئۇلار شۇ قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. چىراق نەزىرى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەزىردىن كېيىن ھەممە چىراقتىكىلەر ئوخشاشلا جەڭگى بوۋا، چولپان ئانىنىڭ روھىغا بېغىشلاپ دۇئا قىلىدۇ.

## ئىسىم قويۇش

بالا تۇغۇلۇپلا يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇپ كىچىك ئىسمىنى قويىدۇ. بۇ ئىسمى قانداقلا بولسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ دائىملىق ئىسمى بولالمايدۇ، پەقەت ۋاقىتلىق ئاتاپ تۇرۇش ئۇچۇنلا شۇنداق قىلىدۇ.

يەتتە كۈندىن كېيىن بوۋاقنىڭ رەسمىي ئېتىنى قويىدۇ. بۇ چاغدا «ئات توي» قىلىپ يۇرتنى چاقىرىدۇ. كەلگەنلەر بىر توققۇز نان بىلەن سوۋغات ئەكىلىدۇ. ئىمام بالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا «ئەزان»، سول قۇلىقىغا «تەكبىر» ئېيتىپ، مۇسۇلمانچە ئىسىم قويىدۇ. ئىسىمنى ئاساسەن بوۋاق ئوغۇل بولسا ئاتىسى، قىز بولسا ئانىسى تاللايدۇ. ئەمما ئەر بىلەن ئايال بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن مۇقىملىشىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمىغان بولسا، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بالىسى ئوغۇل بولسا تۇردى، توختى، تۇرا دېگەن ئىسىملارنى قويىدۇ. قىز بولسا توختىخان، تۇردىخان، تۇراخان دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە تۇغۇلغان بالىلارنى شۇ ئاي، شۇ كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن: ھوشۇر ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «ھوشۇر» ياكى «ھوشۇرخان»، بارات ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «بارات»، قۇربان ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «قۇربان»، ھېيت ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «ھېيت» دەپ ئات قويىدىغان، جۈمە كۈنلىرى تۇغۇلغانلىرىغا «جۈمە» دەپ ئىسىم قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئومۇمەن، ئىسلام دىنىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر باھادىرلار، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، مول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزمۇنلۇق، ئېتىبارلىق ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ. بوۋاقنىڭ تۇغۇلغىنىغا قىرىق كۈن بولغاندا بىرقانچە ئۇششاق باللارنى چاقىرىپ بوۋاق بالىنىڭ ئەتراپىدا چۆرۈلدۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، قىرىق بىر دانە توقاچ يېقىپ، بوۋاقنىڭ بېشىدىن «ياۋاش بولۇڭ بالام، ياۋاش ...» دەپ تۆكىدۇ. بۇنى ئۇششاق باللار ئېلىپ يەيدۇ. بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاۋاتلىقلار (ئۇيغۇرلار) يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتىگە تۇنجى قېتىملىق ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كىچىكىدىنلا ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

# گومنداڭ فىرقىسىنىڭ ئاۋاتتىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

ئابدۇراخمان موللاھاجى

گومىنداڭ پارتىيىسى 1942 ـ يىل 6 ـ ئايلاردىن كېيىن شىنجاڭغا كىرىپ، شۇ يىلى ئۇرۇمچىدە سىياسىي كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان «مەركىزىي سىياسىي كادىرلار كۇرسى شىنجاڭ شۆبىسى» دېگەن مەكتەپنى قۇردى.
بۇ مەكتەپكە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن گومىنداڭغا جان ـ دىلى بىلەن سادىق، مۇھىم خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان مۇتلەق ئىشەنچلىك بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالاھىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، لاياقەتلىكلىرى قوبۇل قىلىندى. بۇلار مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، شۇ يىلى ئاخىرىدا گومىنداڭ پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ قەسەم بەرگۈزدى.
ئاۋات ناھىيىسىدىن ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان يۇقىرىقى سىياسىي مەكتەپكە ئاۋاتنىڭ قاغىمۇش كەنتىدىن داۋۇت ساۋۇت، يۇقىرىقى تامتوغراقتىن ئەلا بەگ، غوروچۆلنىڭ ياۋ بېشى كەنتىدىن يۈسەن بەگ (نايىپ) قاتارلىق ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

كىشى بارغان ئىدى. بۇلار ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، داۋۇت ساۋۇت زۇڭ شاگىيې، كېيىن يېجاڭ بولدى. باشقىلىرى شاگىيې بولدى.

مەن ئۇ مەكتەپكە بارمىساممۇ ئۇلاردىن بۇرۇن ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى دىڭ بوچىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ئىدىم. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئاۋات ناھىيىسىدە تۇنجى بولۇپ پارتىيىگە كىرگەنلەر تۆت كىشى بولدۇق.

بۇ مەزگىلدە ئاۋاتتا گومىنداڭ فىرقىسى قورۇلمىغاچقا، بىز تۆت كىشى ئاقسۇ شيەنداڭبۇغا قاراپ، شۇ يەرنىڭ يولىيورۇقىدا بولدۇق. ئۇ چاغدا ئاقسۇ شيەنداڭبۇنىڭ باشلىقى ۋە قوشۇمچە ئاقسۇنىڭ ھاكىمى تۇڭگان ئوسمان ھاجى (ھازىر ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددىدا بار) ئىدى. ئابدۇللا ھاجى تەشكىلىي ئىشلارغا مەسئۇل كادىر ئىدى.

1943 ـ يىلى ئابدۇللا ھاجى ئاۋاتقا كېلىپ، مائارىپچىلاردىن: مامۇت ناسىر، مامۇت مۇسا، شايارلىق ساۋۇت داۋۇت، ئابلا ھاشىم، ئابدۇكېرەم ھاشىم، ھەسەن مەخسۇت، ساقچى ئىدارىسىدىن گو فۇتەن (ساقچى باشلىقى)، بەيسەن بەگ (چۆچەكلىك، قازاق)، باج ئىدارىسىدىن دىڭ سۈيۈ (جۈيجاڭ)، ساۋۇت كەنجى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن قاسىم بەگ، مەن دەيچىڭ

(ئۇيغۇرچە ئېتى مىرزىگۇل، كەلپىندىن)، دەي فىڭچەن قاتارلىقلار، ئۇندىن باشقا نۇر قۇربان (خەنزۇچە ئېتى لۇخۇگىيۇ، كەلپىندىن)، يەنە ھەرقايسى رايونلاردىكى چوڭ - چوڭ ئەمەل تۇتۇپ كېلىۋاتقان يۇرت ئاقساقاللىرىدىن 30 غا يېقىن كىشى گومىنداڭ پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ چۇفىڭبۇ قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ياچېيكا دەرىجىلىك ئىدى. بۇ ئاقسۇ شيەنداڭبۇغا قارىدى. مامۇت ناسىر، شاكىر قادىر (توقسۇلۇق)، ساقچى ئىدارىسىدىن بەيسەن، ئابلا ھاشىملار شۇجى بولدى.

چۇفىڭبودىكىلەر ھەر ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يىغىلىپ دۆلەت بايرىقىنى چىقىراتتۇق. ئاندىن كېيىن يىغىن زالىدا سۇن جۇڭشەننى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ 40 يىللىق ئىنقىلابىي تارىخىنى ئەسلەپ ئوقۇپ ئۆتەتتۇق.

1944 - يىلى ئاۋاتتا شيەنداڭبۇ قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا رايون دەرىجىلىك تۆت چۇداڭبۇ قۇرۇلدى. داۋۇت ساۋۇت، ئەلا بەگ، يۇسەن بەگ، مەن تۆتىمىز بىردىن چۇداڭبۇغا شۇجى بولدۇق. شيەنداڭبۇغا كۇچالىق سايىت داۋۇت شۇجىجاڭ بولدى. جۇ جىڭفاڭ بىلەن ئەھمەد نىياز باش كاتىپ بولدى. شايارلىق ساۋۇت داۋۇت تەشكىلات خىزمىتىگە، كەلپىنلىك ئەيسا ئىزاق بىلەن مامۇت مۇسا تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1945 ـ يىلى سايىت ساۋۇت شۇجىجاڭلىقتىن قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا قاسىم بەگ (يەكەنلىك) شۇجىجاڭ ۋە قوشۇمچە هاكىم بولدى. 1946 ـ يىلى 11 بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن سايلامدا قاسىم بەگ قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا تۇرپانلىق ئابدۇلېتىپ شۇجىجاڭ بولدى. ئۇ شۇجىجاڭ بولۇپ سەككىز ئاي بولغاندا ئورنىغا ئاقسۇ كوناشەھەرلىك بەكرى تۆمۈر شۇجىجاڭ بولدى. ئۇمۇ شۇجىجاڭ بولۇپ ئاران ئۈچ ئاي تۇرالىدى.

1948 ـ يىلىنىڭ بېشىدىلا بەكرى تۆمۈرنىڭ ئورنىغا مەن تەيىنلىنىپ، شۇندىن باشلاپ ئازادلىققا قەدەر شۇجىجاڭ بولدۇم.

بىز ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ هېسابلىغان تۇنجى قېتىم گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولغان داۋۇت ساۋۇت، ئەلا بەگ، يۈسەن بەگ، مەن (خەلپەملىك، هازىر تۇۋەنكى دولاندا ئولتۇرۇشلۇق) تۆت كىشى كېپىل بولۇپ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەزالىرىنى ئاۋاتتىلا 720 نەپەرگە يەتكۈزدۇق.

شىيەنداڭبۇنىڭ باشقۇرۇشىدا تۆت چۈداڭبۇ، 17 چۈفىڭبۇ تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى.

گومىنداڭ شىيەنداڭبۇسى سىياسىي جەھەتتە ناھىيىدىكى ئەڭ هوقۇقلۇق سىياسىي ئورگان بولۇپ، كۆپىنچە هاللاردا شىيەنداڭبۇنىڭ شۇجىجاڭلىرى ناهىيىلىك

ھۆكـۈمـەتـنـىـڭ ھاكـىملىقىنى قوشۇمچە ئۆز قولىدا تۇتۇپ تـۇراتـتـى. ئەگـەر ئۇنـداق بـولمىغاندىمۇ ھاكىم گومىنداڭ ئەزاسـى بـولـغـانـلـىقى ئۈچۈن، ناھىيىلىك شيەنداڭبۇنىڭ سـىـيـاسـىي جـەھەتـتـىـكى ئىتائىتىگە قەتئىي بويسۇنۇپ، گومىنداڭغا بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بـىـتـىـمـدىـن كـېيىنكى ۋەزىيەتتە ئۆتىگەن ھاكىملار شيەنداڭبۇنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاۋات ناھىيىسىدىكى دوكەي قاتارلىق ئۆتەڭلەردە گومىنداڭنىڭ ھەربىي تەمىنات پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئابدۇراخمان موللا ھاجىم

قەدىمدىن تارتىپ ئاقسۇدىن خوتەنگە، ئاقسۇدىن مارالبېشى بىلەن قەشقەر ياكى يەكەنگە بارىدىغان يول ئاۋات ناھىيىسى بىلەن ئۆتەتتى. دوكەي دېگەن جاي ئاقسۇدىن خوتەنگە بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ جاي ئىنسى ـ جىن يوق بىر جەزىرە ئىدى. ھەتتا خوتەنگە بارغۇچە باياۋان ـ دەشت بىلەن ماڭاتتى. ئوت ـ ئوزۇق تۈگىسە ئۆلۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئات بېشى، جىگدىلىك، ئارال ۋە بېدىلىك ئوتاق دېگەن جايلارمۇ يېقىن ـ يېقىن ئۆتەڭلەرنىڭ ناملىرى ئىدى.

1945 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دىن قورقۇپ، ئېغىر ۋەس ـ ۋەسگە قالغان مەزگىللەر ئىدى. مەن بۇ چاغدا مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدىم. بىر كۈنى ھاكىم قاسىم بەگ مېنى

چاقىرتىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تېلېگراممىا ئارقىلىق، ئاۋات ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يول ئېغىزى (بۇ جاينى «ئات بېشى قۇدۇق» ياكى «ۋەيران بولغان تام» دەپمۇ ئاتايدۇ.)، دوكەي، جىگدىلىك ئارال، بېدىلىك ئوتاقتىن ئىبارەت تۆت ئۆتەڭدە (بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 30 ــ 40 كىلومېتىر كېلىدۇ) ھەربىي بېكەت تەسىس قىلىپ، بۇ بېكەت قۇرۇلۇشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ھاۋالە قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە مېنى مەسئۇل قىلدى. مەن ھەربىي بېكەت سالماقچى بولغان جايلارغا ئىلگىرى كۆپ قېتىم بارغان بولغاچقا، بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئەمەلىي شارائىتى بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشاتتىم. دوكەي، جىگدىلىك ئارال ۋە بېدىلىك ئوتاقنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى پايانسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى، غەربىي شىمالى بىلەن شەرقىي شىمال قويۇق تەبىئىي توغراقزارلىق بىلەن قاپلانغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، مۇداپىيە قىلىشقىمۇ ئەپلىك ستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى. ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ياغاچچىدىن 100 ئادەم، ئەمگەكچىدىن 150 ئادەم، جەمئىي 250 ئادەمنى ھاشارغا تەييارلاپ، بۇلارنى غوروچۆلگە توپلىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەتىسى مەن ساۋۇت كەنجى (باج ئىدارىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوغالتىرى) ، تۇنىياز سادىق (ھۆكۈمەت بۆلۈم ئەزاسى) ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ بەش نەپەر قوراللىق ساقچىسىنى ئېلىپ غورۇچۆل رايون بازىرىغا يېتىپ باردىم . بۇ يەردە ھاشارغا تۇتۇلغانلار توپلىنىپ تۇرغان ئىكەن . بىز كەچكىچە ھەرە ، چوت ، 20 تاغار ئۇن ، ياغ ، سەي ـ كۆكتات ۋە تۇز قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ ، ئەتىسى 100 گە يېقىن ھارۋا ۋە ئات ـ ئېشەك بىلەن يولغا چىقىپ ، كەچقۇرۇن يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يول ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ ، ئىككىنچى كۈنى ئىشقا كىرىشتۇق . ھاشارغا تۇتۇپ كەلگەنلەرگە ئەتراپتىكى توغراقلارنى كەستۇرۇپ ، شال تىلدۇرۇپ ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ياغاچ تاختاي بىلەن سالدۇق . چۈنكى ، بۇ جايغا خىش ـ كېسەك ئاپىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمگەك ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ، ھاشارچىلار ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ئىدى . ئەمگەككە سۇسلۇق قىلغانلار ياكى قارشىلىق قىلغانلار ساقچىلار تەرىپىدىن قامچىلىناتتى . بۇ ھاشارغا تۇتۇلۇپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدا ئەمگىكى ئېغىر ئىدى . ياغاچ كېسىدىغانلارنىڭ قوللىرى قاپىرىپ ، ياغاچ توشۇيدىغانلارنىڭ ئىككى مۈرىسى يېغىر بولۇپ كەتتى . بىر قىسىملارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئەسۋاب كېسۋەتتى . شۇنداقتىمۇ بوشاپ قېلىشقا ساقچىلار يول قويمايتتى .

ئادەملەر ئاغرىپ قالسا ياكى جاراھەتلەنسە داۋالىنالمايتتى، تاماقلىرىمۇ ناچار ئىدى. دەسلەپتە بىز گە ئاۋاتنىڭ چېگرىسى بوكسەمگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىسگە ھەربىي بېكەت قۇرۇشنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، يەكەن دەرياسى بويى، دوكەي، جىگدىلىك ئارال، بېدىلىك ئوتاقتىن ئىبارەت توت ئوتەڭنى ياساپ بولغاندا قايتىپ كېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بىز توت ئوتەڭنى پۈتتۈرۈپ بولۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلىدۇق.

شۇنداق قىلىپ بىز 35 كۈن ئەتراپىدا يۇقىرىقى توت ئوتەڭدە 1000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئۆي سالدۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ تېگى - توپىسى شال، تاملىرى ياغاچنى جىپسىلاشتۇرۇپ ياسالغان. ئىشىك - دېرىزىلىرى پۇختا ئىدى. 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر قىلىپ تاختايدىن قورۇق تام ياسىدۇق. 1000 دىن ئارتۇق ئات سىغىدىغان ئاتخانا ۋە ئوقۇر ياساپ پۈتتۈردۇق.

قۇرۇلۇش پۈتۈش بىلەن تەڭ، بۇ جايغا دەرھاللا بىر ليەن ئەسكەر تۇرۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى پونكىتلارغا كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، دائىم جىددىي ھالەتتە تۇردى. پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن، يىلىغا نەچچە ئون مىڭ جىڭ ئاشلىق، نەچچە ئون مىڭ باغ بېدە ھاشىرى قويۇپ، تاكى ئازادلىققا قەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملىشىپ تۇردى. بۇ پونكىتلاردا ئاشلىق، بېدە قاتارلىقلاردىن باشقا قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا قاتارلىقلار ساقلىناتتى. خوتەن، ئاقسۇ، يەكەن تەرەپلەرنى تەمىنلەيدىغان زاپاس قورallar مۇشۇ جايدا مەخپىي ساقلىنىپ تۇراتتى.

بۇ پونكىتلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئەتراپ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. شۇڭا، ھەر بىر ئۆتەڭدە يولۇچىلارنى قاتتىق ئاختۇرۇپ، ئۆتكىلى قويمايتتى ياكى مال ـ مۈلۈكنى تارتىۋېلىپ قۇرۇق قول يولغا سالاتتى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، تۇنجى كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنى ئاقسۇدىن خوتەنگە بۇ بېكەتلەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ پونكىتلار تاشلىۋېتىلگەچكە، ئاستا ـ ئاستا خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر ئۇ يەردە چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى بار.

# ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى
# مائارىپ قۇرۇلۇشى

**ئابدۇۋەلى ئەيسا**

يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئاۋاتتا 1933 ـ يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق مامۇت سىجاڭنىڭ تۇرپانلىق ئابدۇللا داموللا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىپ بېرىشى بىلەن قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپىدىن باشلاندى. شۇ چاغدا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە ( ھازىرقى خەنزۇ 2 ـ باشلانغۇچ مەكتىپى ئورنىدا) ئىشخانا، ياتاق بولۇپ سەككىز ئېغىزلىق مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەكتەپكە «مەكتىپى مەھمۇدىيە» دەپ نام بېرىلدى. ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تۈنجى پۈتتۈرگەن نىزامىدىن ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى، مۇسەللىمجان، مەرۇپ ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تۇنجى يىلى ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار بازار ئىچى ۋە ھەرقايسى يېزا كەنتلەردىنمۇ بار ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلى، ئومۇمىي تارىخ (ئىسلام تارىخى)، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، ھېساب، دىنىي دەرسلەر تەسىس قىلىندى. دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرسلەردە قۇرئان سۈرىلىرى ئوقۇلاتتى. باسىت قارى دېگەن ئەما كىشى دىنىي دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ:

بىز ئوقۇغۇچى بىز، پۇت ـ قوللىرىمىز،
كۆز، دىماغىمىز، ھەر يېرىمىز ساغلام،
ۋەتەن، خەلقىنىڭ، ئەلنىڭ قۇلى بىز،
دۇشمەنگە دىلدىن قايىنار ئىنتىقام.
يۈرۈك ئوقۇيلى، ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن يولىدا قايىنار ۋىجدانلار....

دېگەن شېئىرى بار ئىدى. 1935 ـ يىل 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي يالىلىۋالغان «ئالتايىسكى» پولكىنىڭ ئاق ئورۇسلىرى بۇ مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ ئوقۇتۇش توختىتىلدى. 8 ـ ئايدا بۇ مەكتەپ نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كۆيۈپ كەتتى. رۇسلارمۇ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بۇ «مەكتىپى مەھمۇدىيە» گە يانداپ (ھازىرقى خەنزۇ 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شەرقىي بۇرجىكىگە) «ئاۋات ناھىيىلىك دارىلتام مەكتىپى» قۇرغان ئىدى. بۇنىڭغا بىر قىسىم يېتىم باللار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا بىر تۇتاش كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، دەپتەر ـ قەلەم تارقىتىپ بېرىلدى. ئىككى سىنىپ، ئىككى ياتاق، بىر ئېغىز ئاشخانا ئېچىلدى. تاماقمۇ ھەقسىز بولۇپ، پۈتۈن تەمىناتنى ئۇيغۇر

ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەۋقاپى ئۇستىگە ئالاتتى. دارىلتامنىڭ مۇدىرى مەھەممەت باقى، ئوقۇتقۇچىسى تۇردى ياقۇپ ئىدى. 1935 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۆيۈپ كېتىپ، «مەكتىپى مەھمۇدىيە» نىڭ ئورنىغا 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەكتەپكە ئابدۇللا سەمەدى مۇدىر بولدى. شۇ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۇرۇش كۇرسى ئېچىلىپ، ئۇلار يېزا مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلدى. بۇ مەزگىللەردە ئىلەك مەكتەپ، قاغىمۇش مەكتەپ، كەلپىن مەكتەپ، قەدىمي ئايماق مەكتەپ، غوروچۆل مەكتەپ، بەشئېرىق مەكتەپ، قۇمباش مەكتەپ، تامتوغراق مەكتەپ قاتارلىق 10 باشلانغۇچ مەكتەپ، تەخمىنەن 24 ئەتراپىدا سىنىپ، 20 — 30 ئەتراپىدا ئوقۇتقۇچى، ئالتا ـ يەتتە يۈز ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

1936 ـ يىللاردا يەنە يەتتە ئەتراپىدا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىندى. ئۇلار:

بازار قىزلار مەكتىپى، كۇلاس، ئەلەمقۇدۇق، قىياقۇدۇق، تەتۇرموما، خەلپەم، سەككىز ئوتاق مەكتەپلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر مەكتەپتە ئىككى ـ ئۈچ مۇئەللىم، ئىككى ـ ئۈچ سىنىپ، 40 — 50 تىن ئوقۇغۇچى بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى چۆچەكلىك ھاجى گىرى (تاتار) مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قورۇلۇشىغا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ما فۇيۈەن، ئابدۇنىياز قىسىملىرى بىلەن شېڭ شىسەي ئارمىيىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچىلىقى مەكتەپلەرنى دەرس توختىتىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇرلىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە قېلىپ، ئۆيدىن چىقالماس هالغا چۈشۈپ قالدى. هاكىمىيەت شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن مەكتەپلەر يەنە ئەسلىگە كېلىپ ئوقۇتۇش داۋاملاشتى.

# ئاۋاتتا «شۆتاك» نىڭ قۇرۇلۇشى

ئابدۇراخمان موللاھاجى

1925 - يىلى ئاۋات بازىرىدا خەنزۇ تىلى مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەكتەپنىڭ نامىنى «شۆتاك» دەپ ئاتىدى. مەكتەپنىڭ ئورنى ئىمىش موللامىنىڭ قۇملۇقىدا. يەنى ھازىرقى 2 - ئاشلىق ماگىزىنى ئەتراپىدا ئىدى.

مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەۋەككۇل بەگ مەسئۇل بولۇپ سالدۇرۇپ، تەييار قىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ مۇئەللىم دەپ بىر مەكتەپ مۇدىرى كەلدى. يەنە بىر ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. مەكتەپكە 40 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، مەخسۇس خەنزۇچە ئوقۇدى. مەكتەپنىڭ مەقسىتى: مۇشۇ مەكتەپ ئارقىلىق تەرجىمان ۋە ئەمەلدار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىدى. 1930 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرىدىن ھاپىز لۇيجاڭنىڭ دېۋىزىيىسى ئاۋاتقا كېلىشى بىلەن مەكتەپ يوقالدى. ئىنقىلاب بېسىقاندىن كېيىن، شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇھىم ئورۇنلاردىن خىزمەت بېرىپ، كۆپىنچىسىنى تۇڭچى، ئەمەلدار قىلدى، ئۇندىن كېيىن شۆتاك قايتا مەۋجۇت بولمىدى.

گومىنداڭنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ تىلىدىن قوشۇمچە دەرس بېرىشنى يولغا قويۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى بولمىغاچقا، ھېچقانداق ئۈنۈم بولمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئابدۇنىياز ۋدقەسدىن ئەسلىمە

**ئابدۇۋدلى ئەيسا**

1937 ـ يىلى شىڭ شىسەيىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاۋات ناھىيىسى ئايروپىلان ئارقىلىق قاتتىق بومباردىمان قىلىنىپ، تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز داغلارنى قالدۇرغان ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئىشلار خەلق ئېغىزلىرىدا ھېكايە بولۇپ، ھازىرغىچە سۆزلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ئەتراپلىق ئۇقۇم يوق دېيەرلىك بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلگەنلىرىمنى ئەسلىمە سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىدىن دېۋىزىيە كوماندىرى ئابدۇنىياز تۆت ئاتلىق پولك، ئۈچ پىيادە پولك، يەتتە مىڭدەك كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر دېۋىزىيە قوشۇن بىلەن قەشقەردىن ئاۋات ناھىيىسگە كېلىپ، دېۋىزىيە شتابىنى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاغمۇشلۇق قۇربانىياز ھاجىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇردى. كىچىك ئاخۇن باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەپ قوماندانلىق شتابى ناسىر بەگنىڭ باغلىق قورۇسىغا ئورۇنلاشتى. ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئامبال يامۇلىغا ئورۇنلاشتى. سوت باشقارمىسى هاشىم هاجىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتى. قالغان ئېلى هاجى، تۇردى هاجى قاتارلىقلارنىڭ پىيادە پولكلىرى بازار ئەتراپىدىكى هەرقايسى باغ ـ هويلىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، يەنە ماخۇسەننىڭ بىر ئاق ئاتلىق قوشۇنى خوتەندىن ئاۋاتقا ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، ئاۋاتنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۇلار يېرىم سائەتكىمۇ يەتمىگەن بۇ قېتىمقى قىسقا جەڭدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەتنىياز بەگ، خەنزۇ شۇڭگەن قاتارلىق بىرقانچە ئون كىشىنى ئۆلتۈردى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىمىن هاكىم (شايارلىق)، ساقچى ئەمەلدارى دوسا قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، جاڭگالغا ئاپىرىپ ئۆلتۈردى. مالۇيجاڭنىڭ بۇ ئاتلىق قىسىملىرى ئاۋاتنىڭ ئۇستۇنكى دولان مەهەللىسىدىكى ئىمىن سېرىقنىڭ بېغىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئابدۇنىياز بىلەن مالۇيجاڭ قوشۇنى ئاۋات ناهىيىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلاپ، ئاتلىرىنى كۆپەيتىپ، خىراجەت يىغىپ ئاقسۇنى ئېلىش پىلانى بويىچە داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئاۋاتنىڭ بەشئېرىق يېزىسى، يېڭىئېرىق يېزىسى، ئاقسۇ شەهىرىنىڭ قۇمباش، توپلۇق، ئايكۆل،

سايئېرىق قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا
ھېچقانچە بەدەل تۆلىمەيلا كەلپىن، ئۇچتۇرپان
ناھىيىلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇلار ئۆز ئىلكىگە ئالغان جايلاردا
بازىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش
ئۈچۈن، ئابدۇنىياز ئاۋاتتا تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەييارلىق
قىلىشقا باشلىغان ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە 1937 ـ
يىل 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ئۆز قوشۇنى ۋە سوۋېتتىن
ئېلىپ كەلگەن ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن ھۇجۇمغا
ئۆتتى. ھاۋادا سوۋېتنىڭ قىرغۇچى ئايروپىلانلىرى بىلەن
قالايمىقان بومباردىمان قىلىپ، بىر تەرەپتىن پىلىموتقا
تۇتۇپ، دەھشەتلىك قىرغىن قىلىش بىلەن بىر مەيدان
ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى
ئۇرۇشتا ئابدۇنىياز بىلەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى شېڭ
قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىپ
كەلگەن ئىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، غەنىمەت تالىشىپ
ئىككى قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بېرىپ،
ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقتى. يەنە بىر جەھەتتىن
سوۋېت ئايروپىلانلىرى ئابدۇنىياز قوشۇنلىرىغا بولغان
ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئايروپىلانلار ھەر كۈنى
دېگۈدەك بومباردىمان قىلىپ تۇراتتى. ئابدۇنىياز
قىسىملىرى قارشى تۇرۇپ بويۇن ئەگمىدى. بىر كۈنى
ئابدۇنىيازنىڭ مۇھاپىزەتچى پەيجاڭى تۇراخۇن سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

ئايروپىلانىدىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈردى. يەنە بىر ئايروپىلاننى ئۇچتۇرپاندا ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ليۇتچىكنى تىرىك تۇتۇۋالدى. دەل مۇشۇنداق غەلىبە مەزگىلىدە ئىچكى جەھەتتىن ئىككى چوڭ قوشۇننىڭ ئىچكى زىددىيىتى، سىرتتىن سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشى، ھەربىي تەمىناتنىڭ جىددىيلىشىپ، ئابدۇنىيازغا بىرلىكتىغان ياردەمنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى چېكىنىپ مارالبېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئەختەم بۇزرۇگاھقا بارغاندا سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى، ئايروپىلاننىڭ قىرغىنچىلىقى بىلەن تارمار بولدى. مالۇيجاڭنىڭ چېكىنگەن قىسىملىرى مارالبېشىنىڭ شاقۇر، سېرىقبۇيىدىن ئۆتۈپ، ھىمىتنىڭ سىپىدا تەلتۆكۈس تارمار قىلىندى. قالغان بىر قىسمى خوتەن تەرەپكە چېكىندى. قېلىپ قالغانلىرى ئاۋات ناھىيىسى ئەتراپىدا يوشۇرنۇپ يۈردى.

دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ تارمار قىلىنىشى بىلەن تەڭ، ئارقىدىن شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ زىخۇي ئاۋاتقا كېلىپ ئومۇميۈزلۈك تازىلاش ھەركىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا

ئورۇنلاشقان ئىدى. سوۋېتتىن كەلگەن زەيدىن ئىسىملىك بىر ئادەمنى ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار ھەرقايسى رەستىلەرگە ئېلان چاپلاپ قاچقۇنلارنى ئىزدىدى. قارشىلىق قىلغانلار ئۆلتۈرۈلدى. تەسلىم بولغان، قورال تاپشۇرغان، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، قېچىپ يۈرگەنلەرمۇ ئالدىنىپ تورغا چۈشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قالدۇق رەھبەرلىرىدىن ھادى ھاجى، مەخسۇد ھاجى قاتارلىقلارمۇ تۈرمىگە تاشلاندى. يۈسۈپ بەگ ھاجىنى ئاۋاتتا چاناپ ئۆلتۈردى. قوزغىلاڭچىلاردىن ئايرىلىپ قالغان مۇئاۋىن پولك باشلىقى راشىدىن قاتارلىقلار تەشۋىقاتقا ئىشىنىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندا، زەيدىن تەرىپىدىن ئاقسۇ ساقچى باشقارمىسىغا يالاپ ئاپىرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن غايىپ بولدى.

ئاۋاتتىكى ئابدۇساتتار بەگ، ھۈسەن قارى، ئىسمايىل ھاپىز، مامۇر ئەپەندى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كىشى زەيدىن تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى تۈرمىسىگە يالاپ ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭدە ئۆلمەي ئايرىلىپ قالغانلار تۈرمىدە ئۆلۈپ تۈگەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۆيدىن تۇەنجاڭنىڭ قەتلى قىلىنىشى توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى ئەيسا

مۆيدىن تۇەنجاڭ ئاۋاتقا ئىككى قېتىم كەلگەن. 1 ـ قېتىم 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مارالبېشى ئارقىلىق ئاۋاتقا كېلىپ بىر ئايغا يېقىن تۇرغانىدى. (شۇ چاغدا ئۇ يىڭجاڭ ئىدى). «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» توپلاملىرىدا يېزىلىشىچە: ئۇ قارا يۇلغۇندىكى جەڭدە خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان مافۇيۈەننىڭ 400 گە يېقىن ئەسكىرىنى بىر لىيەن ئەسكىرى بىلەن توسۇپ چىكىندۇرگەنلىكى ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى ئۇنى يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرگەنىكەن.

1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا مامۇت سىجاڭ 2 ـ تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى ياقۇپقا، تۇەنجاڭ قۇربان نىيازنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان. ئوق قۇربان نىيازنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئۆلمەي ياردار بولغان. مامۇت سىجاڭ قىسمىنى لىيەنجاڭ ئابدۇنىيازغا تاپشۇرۇپ قاچقاندىن كېيىن، ئابدۇنىياز يېڭىسارىدا قۇربان نىياز تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان مۇئاۋىن تۇەنجاڭ مۆيدىننى تۈرمىدىن چىقارغان. مۆيدىن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن قىسمىغا

ئابدۇنىيازنىڭ سىجاڭ بولۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، باشقا ئوفىتسىرلار ئابدۇنىيازنى سىجاڭ قىلىپ سايلىغان. (شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 17 - توپلام 91 - بېتىگە قارالسۇن) . « 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەكەندە كامال، مۆيدىن قاتارلىقلار تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن » . شۇ يىلى 5 - ئايدا ئابدۇنىياز بىلەن ماخۇسەن قاغىلىقتا ئۇچرىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشنى بېكىتكەن. («شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى » 17 - توپلامنىڭ 99 - بېتىگە قارالسۇن) ماخۇسەن ئۆزىنىڭ 4 - لۈيگە (مافۇيۈەن لۈيگە) قاراشلىق بىر تۇەن ئەسكەرنى ئۇلارغا قوشۇپ بەرگەن. بۇ قىسىملار سەپ تارتىپ مارالبېشىغا كەلگەندە، مۆيدىن باشچىلىقىدىكى 200 گە يېقىن ئەسكىرىي كۈچ مارالبېشى سېپىلىنى قوغداۋاتقان « ئالتايىسكى » پولكى ۋە شېڭ شىسەينىڭ مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۆيدىن 6 - دېۋىزىيىگە قوشۇمچە شتات باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 6 - ئاينىڭ بېشىدا ئابدۇنىياز 1400 گە يېقىن ئادەمنى باشلاپ كېلىپ مۆيدىن باشچىلىقىدىكى بىر تۇەننى ئاقسۇ كونا دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا (هازىرقى سىدىق كۆۋرۈكى بويىغا) ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۆيىدىن ئاق پېشماق، كەڭ ماڭلاي، 45 ياشلار چامىسىدىكى چېقىر كۆز ئادەم بولۇپ، ئەسلى يۇرتى كورلا ئىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا قۇمباش دەريا (ئاقسۇ كونا دەرياسى) بويىدا مۆيىدىن بىلەن ما فۇيۈەننىڭ قىسىملىرى ئۆزئارا ئۇرۇشتا ئالغان ئولجىنى تالىشىپ قوراللىق ماجىرا يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە مافۇيۈەن قوشۇنى مۆيىدىننىڭ ئۈچ ـ تۆت ئادىمىنى ياردار قىلىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. غەزەپلەنگەن مۆيىدىن تۇەنجاڭ ئۇلارنى ئوقىا تۇتۇپ 10 دەك ئادەمنى (مايۇگشاڭ ئىسىملىك بىر لىيەنجاڭمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى چېكىندۇرىدۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن، ما فۇيۈەن مۆيىدىننى يوقىتىش ئۈچۈن، ھىيلە ئىشلىتىپ يەكەنلىك ئەيسا چولاق ئارقىلىق ئابدۇنىيازنىڭ باش شتابىدىكى كاتىپ ھەمزە قارىنى سېتىۋېلىپ، مۆيىدىن تۇەنجاڭ نامىدىن شىڭ شىسەيگە بىر پارچە تەسلىم خېتى يازدۇرماقچى بولىدۇ. ھەمزە قارى 300 سەر كۈمۈشكە توختاملىشىپ، بىر پارچە تەسلىم خېتى بېرىپ، ئۇنىڭغا مۆيىدىن تۇەنجاڭنىڭ تامغىسىنى ئوغرىلىقچە بېسىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئاۋاتنىڭ بەشئېرىقتا تۇرۇشلۇق ما چىڭفۇغا ئاپىرىپ بېرىپ، 300 سەر كۈمۈشكە ئېرىشمەكچى بولغاندا، ما فۇيۈەننىڭ يوشۇرۇن قويغان ئادەملىرى ھەمزە قارىنى ئاقسۇ كونا دەرياسىنىڭ بويىدا تۇتۇپ خەتنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا

ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىدۇ. ئاندىن ئەتىسى باش شتابقا كېلىپ ئابدۇنىياز سىجاڭغا بۇ خەتنى كۆرسىتىپ «مۆيدىن ئاسىيلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ئادىمىنى تۇتۇۋېلىپ قارشىلىق قىلغاچقا ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. ئەمدى سىلەر دەرھال مۆيدىننى كۆزدىن يوقىتىڭلار. ئەگەر مۆيدىن ئۆلتۈرۈلمىسە بىز سىلەر بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ سىدىق كۆۋرۈكى بويىدا ئۇرۇشىمىز» دەيدۇ. بۇ ئىش ئابدۇنىيازنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. شۇڭا ئابدۇنىياز سىجاڭ بۇ ئىشنى كامال تۇەنجاڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپىلاپ ئۆزى ئۇچتۇرپان ۋە سايئىرىق تەرەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېتىدۇ.

ما فۇيۈەننىڭ قايتا ـ قايتا قىستاپ تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن مۆيدىن تۇەنجاڭ كامال تۇەنجاڭغا ئۆزىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆز قىسىمدىكىلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋېلىپ ناماز ئوقۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئاۋات بازىرىدىن توغراق مازارغا قولىنى باغلىتىپ پىيادە يولغا چىقىدۇ. كامال تۇەنجاڭمۇ ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پىيادە ماڭىدۇ. سىدىق كۆۋرۈكى بويىغا ما چىڭفۇنىڭ 200 گە يېقىن ئەسكىرى يېتىپ كېلىدۇ. مۆيدىن تۇەنجاڭ ئۆز تۇەنىدىكى جەڭچىلەرگە: «ماخۇسەن، ما فۇيۈەنلەر ھەرگىز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېكىرلىرىگە ئالدىنىپ قالماڭلار . ئۇلارنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن تىلى بىر» دېگەنلەرنى ئېيتىپ كۆك چەكمەن چاپان ۋە چەكمەن ئىشتاننى سېلىپ تاشلاپ ، ئىچىدىكى ئاق ماتا كۆڭلەك ، تامبال ، ئاق خەسە دوپپا بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ . ئاندىن كامال تۇەنجاڭغا قاراپ : « كالللامنى ئېلىڭلار ، ئۆز ئادىمىم قىلىچىدا ئۆلەي ، رەقىپلەر يېقىن كەلمىسۇن » دەيدۇ . شۇ ئەسنادا مۆيدىن تۇەنجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرى ئەيسا چولاق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ چىقىپ ئىككى چېپىپ ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىدۇ . مۆيدىننىڭ تېنى توغراق مازار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ . بېشىنى مافۇيۇەن ئەسكەرلىرى توغراقتا ئېسىپ قويۇپ ئېتىپ ، ھەرە كۆنگەندەك قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەيسا چولاق قىلىچىغا سانجىپ ، ما فۇيۇەننىڭ 10 نەچچە ئەسكىرى بىلەن بەشئېرىق ۋە ئاۋات بازارلىرىدا كۆتۈرۈپ سازايى قىلىپ ، تۆۋەنكى دولان مەسچىتىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىدۇ . شۇندىن ئېتىبارەن ئەيسا چولاق ما جىڭفۇ تۇەنىدە تۇرۇپ ، ئۆز تۇەنىگە قايتالمايدۇ . دولان دېھقانلىرى مۆيدىن تۇەنجاڭنىڭ بېشىنى مەسچىت يېنىدىكى زەراتكارلىققا دەپنە قىلىپ قويىدۇ .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاۋات خەلقى مۆيدىن تۇەنجاڭنىڭ ناھايىتى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلگەنلىكىدىنمۇ ياكى كىشىلەرگە مېھىر - شەپقەتلىك ، جەڭدە

باتۇرلۇقىدىنمۇ ئىش قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغ قەھرىمانلاردەك خاتىرىلەپ، ئۆتمۈشلىرىنى ھېكايە قىلىپ، تۇپراقلىرىغا دۇئا ـ تەگبىر قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەيىبلىرى توغرىسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى سەپداشلىرى تەرىپىدىن بولسۇن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بولسۇن، بىرەر پاراكەندىنىڭ مەيدانغا چىققىنى يوق. بەزى ماتېرىياللاردا «مۆيدىن تۇەنجاڭ خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن» دېيىلگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ بار. بۇ تەرىپى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گومىنداڭ ئاقسۇ 65- لۈيىنىڭ تاپشۇرۇقى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئەھمەد نىياز

1947 ـ يىلى 4 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى . كېڭەش ھەيئەت باشلىقى تۇردى ئاۋاتتىن كەتكەندىن كېيىن ، غوروچۆلدىن كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى مەمەتخان بەگ تۇردىنىڭ ئورنىغا مۇئاۋىن كېڭەش ھەيئەت باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ ئىشقا چۈشتى . مەمەتخان بەگكە ھاكىم ئابلا سەمدى ئۆچ ئىدى . مەمەتخان بەگمۇ ئابلا سەمدىگە ئۆچ ئىدى . مەمەتخان بەگ ئەسلىدە غوروچۆل رايونىنىڭ مۇئاۋىن بېگى بولۇپ ، بۇنىڭ بەگلىكىنى ئابلا سەمدى ئېلىۋەتكەنىدى . شۇ سەۋەبتىن «سەن مېنى شاگىيۇلۇقتىن ئېلىۋەتسەڭ ، مەن كېڭەشكە مۇئاۋىن يىجاڭلىق ئورنۇم بىلەن سېنى ھاكىملىقىڭدىن ئېلىۋېتىمەن» دەپ كۆڭلىدە ئابلا سەمدىگە ئۆچمەنلىك ئوتى يېنىپ تۇرغانىدى . دەل شۇ مەزگىلدە مەمەتخان بەگ يوشۇرۇن ھالدا ئاقسۇ 65 ـ لۈيگە چاقىرىتىلىپ ، ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى تەكشۈرۈپ چاتاق تېپىپ ، ئابلا

سەمىدى ھاكىمنى ھاكىملىقتىن ئېلىۋېتىش ئۈچۈن ، «ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرىمىز» دەپ كېلگەش ھەيئىتىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىم ئىشخانىسى ، كاتىپ ئىشخانىسى ، خەلق ئىشلار بۆلۈمى ، مائارىپ بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى ، قوروللۇق بۆلۈملىرىنىڭ ئىشكاپ ، ئىشكىلىرىگە «ئېچىشقا بولمايدۇ» دەپ پېچەت چاپلىدى . بۇ پېچەتنى ئابلا سەمىدى كۆرۈپ غەزىپى تېشىپ ، قويماي يىرتىۋەتتى . پېچەتنى يىرتىۋەتكەن ئەھۋالنى مەمەتخان بەگ ئۇقۇپ ، غوروچۆلدىن 200 ئاتلىق ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كېلىپ « ئابلا سەمىدى تامغىنى تاپشۇرسۇن ، ھاكىملىققا باشقا ئادەمنى سايلايمىز ، تامغىدا نېمە ھەققى بار » دەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا تۇرۇۋالغاندا ، ئابلا سەمىدى ئارقا ئىشىك بىلەن ئاتلىق قېچىپ ئاقسۇغا كېلىپ مەمەتخان بەگنىڭ قىلمىشىنى مۇئاۋىن ۋالىي توختامىشقا ئېيتىپ ئەرز قىلىدۇ . ئاقسۇدىن بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن توختامىش بىلەن يۇجۇگىي كەلدى . ئەمما بۇ مەزگىلدە ساقچىنىڭ باشلىقى گوفۇتەن مەمەتخان بەگ تەرەپتە بولغاچقا ، مەمەتخان بەگ ئۆز سېپىدىكى ئادەملەرنى كۆپەيتىش ھەم خىللاش مەقسىتى بىلەن ئابدۇراخمان موللا ھاجىغا يوشۇرۇن ئادەم كىرگۈزۈپ : سىز بىلەن مەن بىر غوروچۆللۈك ، ئابلا

سەمەدىنىڭ سىزگە بەرگەن ئەملى ئاران كوچاڭلىق ئەمەل، بىزنىڭ سىپىمىزگە چىقىپ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىڭىز سىزنى مۇئاۋىن ھاكىملىقتا ياكى ھاكىملىقتا سايلايمىز، دەپ ئالداپ، ئابدۇراخمان موللا ھاجىنى ئەپچىقىپ كەتتى. بىر چاغدا مەن ئابدۇراخمان موللا ھاجىنى چاقىرىشقا كىرسەم، ئۇنىڭ ئۆيىدە مەمەتخان بەگ، داۋۇت بەگ، ئابلا ھاشىملار بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ كىرىشىمگىلا «سىزگە قاراپ تۇرغان ئىدۇق» دەپ، مېنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىرگۈزمىدى. شۇ ھامان ئات تەييارلىدى ــ دە، مەمەتخان بەگنىڭ باشلىشى بىلەن، ئابلا ھاشىم بىلەن ئۈچىمىز ئۈچ ئاتلىق ئاقسۇغا ماڭدۇق. يولدا ئارام ئالماي مېڭىپ كىشلەر بامدات نامىزىدىن چىقىپ تۇرغاندا، ئاقسۇغا بېرىپ خاتىپ بەگ دېگەن كىشىنىڭ دېڭىگە چۈشتۇق. بىز قانغۇدەك دەم ئېلىپ ئۇخلىۋېلىپ، غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەمەتخان بەگ، ئابلا ھاشىم، مەن ئۈچ كىشى يۈجۈڭىيىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «بوپتۇ مەن ئەھۋالنى خۇسىجاڭغا يەتكۈزەي، سىلەر ياخشى ئارام ئېلىڭلار» دەپ بىزنى چىقىرىۋەتتى. بىز بېرىپ دەڭدە ئارام ئېلىۋاتساق، بىر ئەسكەر «ئاۋاتتىن كەلگەن ئۈچ ئادەم نەدە؟» دەپ ئىزدەپ چىقىپتۇ. ئۇ، بىزنى ئېلىپ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلاپ كىردى. بۇ يەردە خۇسىجاڭ،

زومىنىڭ ، بۇ ئەپەندىلەر بار ئىكەن . ئۇلار بىزنى كۈلۈپ
قارشى ئالدى . مەمەتخان بەگ خۇسىجاڭغا : « بىز ئەسلى
جىم يۇرگەن ئادەملەر ئىدۇق . ئۆزىڭىز مېنى ئابلا ئەپەندىگە
كۆشكۈرتۈپ قويۇپ ، مەن قىزىغاندا سىز ھېچنېمە
ئۇقمىغاندەك تۇرۇۋاتىسىز . كېڭەش ھەيئىتىنىڭ
تامغىسىنىمۇ ئەكەلدىم . ئابلا سەمىدىنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ
بەرمىسىڭىز . بۇ قېتىم مەن ئاۋاتقا كەتمەيمەن » دېدى .
مەمەتخان بەگنىڭ سۆزىنى زومىڭ خۇسىجاڭغا تەرجىمە
قىلىپ بەردى . خۇسىجاڭ ، بۇ ئەپەندىگە ئىشارەت قىلىپ
قويدى . بۇ ئەپەندى : « كېڭەش باشلىقى سىلى بىر ئاز
ئالدىراپ كېتىپلا ، بىز ئابلانى ھامان قالدۇرۇۋېتىمىز . ئەمما
بۈگۈن ـ ئەتە ئېلىۋەتسەك بولمايدۇ . سىلى خاپا بولماي
تۇرۇپ تۇرسىلا ، ئابلا چوڭراق گۇناھ قىلىپ پەيمانىنى
توشقۇزىدۇ » دېيىشى بىلەن ، مەمەتخان بەگ بۇ ئەپەندىگە :
«ئابدۇللا سەمىدى كېڭەش ھەيئىتىگە بويسۇنماي ، كېڭەش
ھەيئىتى تامغا بېسىپ چاپلىغان پېچەتنى نېمشقا يىرتىپ
تاشلايدۇ ؟ بۇ گۇناھ بولماي نېمە ؟! سىجاڭ بىزگە كېڭەش
باشلىقلىرى ھاكىمنىڭ خىزمىتىگە ، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە نازارەت قىلىدۇ . زۆرۈر تېپىلغاندا
ھاكىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ، ئورنىغا كېڭەش
ھەيئەتلىرىدىن بىرنى ھاكىملىققا سايلايدۇ ، دېگەنىدى .
ئەمدىلىكتە بۇ گېپىدە تۇرمىسا بولامدۇ ؟ شۇڭا بىز ئابلا

سەمەدىنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ھاكىم سايلايمىز، دەپ، كېڭەش ھەيئىتىنىڭ تامغىسىنى ئالغاچ كەلدۇق. زادى بۇنى ئېلىۋەتمىسەك بولمايدۇ» دېدى. سىجاڭ ئۇنىڭغا «بىر ئايغا قالماي ئابلانى ھاكىملىقتىن ئېلىۋېتىمىز. سىلەر ھازىرچە قايتىپ كېتىڭلار» دەپ، بىزلەرنى ئاۋاتقا قايتۇردى. بىز گەپ - سۆز يوق ئاۋاتقا قايتىپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن قىلغان ھەرىكىتىمىز شۇ پېتى قالدى.

مەمەتخان بەگ 1948 - يىلىغا كەلگەندە تۆمۈر شاڭيېنىڭ چاقپەلەك ئويۇنىدا ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. بىز قاتراپ يۈرۈپ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق. شۇنداق قىلىپ ئەرزىمىز پۇشايمان بىلەن ئاخىرلاشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 11 بىتىمنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئاۋات ۋەزىيىتى

ئەھمەد نىياز

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىلى مىللىي ئارمىيىدىن سوپاخۇن ئاقسۇنى قورشىۋالغاندا، ئاۋاتنىڭ ھاكىمى ياڭ يەنچىڭ سوپاخۇن تۈەنجاڭدىن قورقۇپ كېچە ـ كۈندۈز ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ، پۇقرالارغا ھاشار سېلىپ، بىرەر يۈز ئادەمنى ئەپكىلىپ، كېسەك قويدۇرۇپ، ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالتە جايغا سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇرۇش مۇداپىئە پوتەيى سالدۇرۇپ، ئاۋات بازىرنى كېچە ـ كۈندۈز قوغدايدىغان بولدى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ماجۇيجاڭ ناھىيىنى قوغداشقا قوماندانلىق قىلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ 40 نەچچە نەپەر ئەسكەر، ساقچىلارنى مىلتىق، قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتە جايدىكى پوتەيلەرگە پوستقا توختىتىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھاكىم، باج ئىدارە باشلىقلىرى قاتارلىقلار خوتۇن ـ بالىلىرىنى ھارۋا بىلەن خوتەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماگدۇرۇپ ئۆزلىرى ياراملىق، يۇگۇرەك ئاتنى كېچە-كۈندۈز ئىگەرلەپ، ئاقسۇ تەرەپتىن بىرەر خەۋەپ يەتكۈدەك بولسا، ياكى مىللىي ئارمىيە كېلىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال خوتەنگە قېچىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە ئاۋاتنىڭ شىشە بازىرىدىكى دوقمۇشقا سېلىنغان پوتەيدە پوستا تۇرغان ئەسكەر، پوستا تۇرۇپ زېرىكىپ كېتىپ، مىلتىقىغا ئوق سېلىپ ئۇنى ئالدى-كەينىگە تارتىپ ئويناۋاتسا، بىر تال ئوق پاڭ قىلىپ ئېتىلىپ كېتىپتۇ. ما جۇيجاڭ بۇنى تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى ئورۇنلارغا ئاڭلىتىپ بولغۇچە، ياڭ ھاكىم، باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى توقۇقلۇق ئاتلىرىنى مىنىپ خوتەنگە قېچىپتۇ. بۇلار شۇ قاچقانچە ئارقا يول بىلەن خوتەنگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئاۋات بازىرىدىن غوروچۆلگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ماجۇيجاڭ بىر ئەسكەرنى، ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇنى كۆرگەن قاچقۇنلار ھېلىقى ئەسكەرنى مىللىي ئارمىي ئەسكىرى دەپ تېخىمۇ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارغا غوروچۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ «ئات ئۆلدى» دېگەن جاڭگالغا بارغاندا يېتىشىۋالىدۇ-دە، قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

قاچقانلار ئۇچىنچى كۈنى غوروچۆل بىلەن ئاۋات بازىرىغا قايتىپ كەلدى. بۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

ئۇلارنى خوتەنگە قاچقان دىمەستىن، غوروچۆلنىڭ ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈپ كەلدى دەپلا گەپنى تۈگەتتى. بۇ مەزگىللەر، گومىنداڭ تەرەپ ئاقسۇ سېپىلىنىڭ قىزىل كۆۋرۈك تەرەپتىكى ئاھالىلەرگە ئوت قويۇپ، خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، سېپىل ئەتراپىنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەن چاغ ئىدى. ياڭ ھاكىم بۇ ۋەزىيەتتىن قورقۇپ ئاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ ئاقسۇدىن كېلىدىغان يول ئۈستىدىكى ئەگرى - بۈگرى سېلىنغان تاملارنى چېقىپ، تۈزلەپ ئاۋات بازىرىغا خېلى يىراقتىن كېلىۋاتقان ئادەملەرنى پوتەيدە تۇرۇپ ئېنىق كۆرگۈدەك ھالەتكە كىرگۈزدى.

ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق خادىملىرىغا بازار 1 - باشلانغۇچ، ئۈستۈنكى دولان مەكتەپ، بەشئېرىق مەكتەپ، تۆۋەنكى دولان مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەردىكى 40 تىن ئارتۇق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارغا ئىشەنمەي، ئۇلارنى يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئالدۇرۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەجلىسخانىگە نەزەربەنت قىلدى.

بۇلار 1946 - يىل 11 بىتىمدىن كېيىن ئازاد بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# 1937- يىلى هادى هاجىنىڭ ئەسكەر ئېلىش ۋەقەسى

ئەھمەد نىياز

1933 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا خوجىنىياز هاجى قارا شەھەردىن ئاقسۇغا كەلگەنىدى. قەشقەردىن هامۇتخان لۈيجاڭ، ھەمدەم بەگ هاجى، هاپىز لۈيجاڭلارمۇ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ خوجىنىياز هاجىغا سالام بېرىش ئۈچۈن تەكلىماكان بىلەن يەكەن، خوتەن دەريالىرىنى ياقىلاپ مېڭىپ، ئاۋاتنىڭ غورۇچۆل ۋە ئايكۆل قاتارلىق يېزىلىرىدا قونالغۇ بولۇپ ئاقسۇغا كەتتى. بۇلار ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە هامۇتخان لۈيجاڭ ئاقسۇدىن قايتىپ يەنە ئاۋاتقا كېلىپ، ئاۋات بازىرىدىكى هاشىم زەرگەرنىڭ دىڭگە چۈشتى. ئەسكەرلىرىنى چوڭ ـ چوڭ دەڭلەرگە چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. بىر كۈنى ئۇ يەنە ئادەملىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا كېتىپ، ئورنىغا ھەمدەم بەگ هاجى كەلدى. ئۇمۇ بەش كۈندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

1934 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە خوجىنىياز هاجى مارالبېشىنىڭ شاقۇر دېگەن يېرىدىن 2000 گە يېقىن ئادىمىنى باشلاپ ئاۋاتقا كېلىپ بىر قانچە كۈن تۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مامۇت سىجاڭ كېلىپ، ئۇمۇ ئاقسۇغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار ئاقسۇدىن قەشقەرگە مېڭىش ئارىلىقىدا ئاۋاتتا چۈشۈپ بىر ئايدىن ئۇزۇن تۇردى. مامۇت سىجاڭ قاراشەھەر، خوشۇت تەرەپلەرگە يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتىپ، ئات سېتىۋېلىپ ئەسكەرلىرىنى تولۇقلاپ قىسمىنى تەرتىپكە سالدى. قەشقەرگە بېرىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇللا داموللام، ھۆسەن قارى دېگەن كىشىلەرنى ئەۋەتىپ ئاۋاتتا پەننىي مەكتەپ سالدۇرۇش ئۈچۈن پۇل ياردەم قىلدى.

مامۇت سىجاڭ ئاۋاتتا تۇرغان مەزگىلدە ياقۇپ تۇڭفۇ (شايارلىق) دېگەن كىشى ئاۋات ياشلىرىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغانلار ئىچىدىن تاللاپ 200 گە يېقىن ياشنى ئەسكەرلىككە ئالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئاۋاتلىقلار شىڭ شىسەينىڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە چىداپ تۇرالماي، تامتوغراقنىڭ ئارال مەھەللىسىدىن ھادى ھاجى، يۈسۈپ بەگ ھاجى، ئايباغ يېزىسىنىڭ كەلپىن مەھەللىسىدىن داۋۇت بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ 10 نەچچە تال بەشئاتار، بىر قانچە ئون ئات سېتىۋېلىپ قارا مىلتىق سوقتۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر قوشۇن بولۇپ تۆت ـ بەش يۈز ئەسكەر ئېلىپ، ئۆزلىرى لىيەنجاڭ بولۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۇرۇشقا قاتناشتى. مائارىپچىلاردىن سەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا تارقىتىش مەركىزى

ئىسمايىل، سىيىت روزىلارمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ ماڭدى. بۇلار مارالبېشىغا بارغاندا ماموت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرقايسى قىسىملارغا تارقىتىلدى ۋە بىر تۇتاش قوماندانلىق ئاستىدا جەڭ قىلدى.

1937 ــ يىلى 7 ــ ئايدا ماموت سىجاڭنىڭ قىسىملىرى ئاقۇتتا بىر مەزگىل تۇردى. بۇ چاغدا ئاقۇت خەلقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۈچۈن 150 ئەتراپىدا ئات سېتىپ بەردى. كىيىم تىككۈچىلەر تىككۈچىلىك كارخانىسى قۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن 1000 يۇرۇش يازلىق ھەربىي كىيىم، 500 كىشىلىك ئۆتۈك تەييارلاپ بەردى.

شۇ يىلى 5 ــ ئايدىن 8 ــ ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ئاقۇت خەلقى رۇس، قازاق ياللانما ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە شېڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسى، سوۋېت ھەربىي ئايروپىلانىنىڭ شىددەت بىلەن بومباردىمان قىلىشى ئاستىدىمۇ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى تىغ كۆتەرگەن قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئوزۇق ــ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ، ئۆز ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەردى ھەم ئۆزلۈكىدىن ئەسكەرلىككە كىردى.

1937 ــ يىلى قوزغىلاڭچى قوشۇن تارمار قىلىنغاندا،

بىر قىسىم ئاۋاتلىق قوزغىلاڭچىلار يەكەن تەرەپكە كېتىپ
ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. بىر قىسىملىرى چېكىنىش
داۋامىدا ئۆلدى. ئاز بىر قىسمى شىڭ زىخۇينىڭ «ئەلنى
تىنجىتىش ئېلانى»غا ئىشىنىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغاندا
قولغا ئېلىنىپ، ئاقسۇدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ
قانلىق كەچۈرمىشلىرى ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا
ئېغىزاكى تارىخ بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ ئاۋاتتىن كېتىشى

## ئەھمەد نىياز

1937 ـ يىلى 7 ـ ئاي مەزگىللىرىدە ئاۋاتقا ئايروپىلانلار ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ ئاۋات بازىرىنى ھەم ئەتراپتىكى باغلارنى بومباردىمان قىلىپ، ئاسماندىن يەرگە قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ تۇردى. ئاۋات بازىرىنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك، ئاشپەز، ناۋايلىرى تىجارەتنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، يېزا ـ سەھرالاردا مۆكۈنۈپ يۈرمەكتە ئىدى. سودىگەر ۋە باشقا ئالماق ـ ساتماقلارنىڭ ھەممىسى توختاپ، ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا ئۆزلىرىگە پاناھ ئىزدەپ يۈردى.

مۇشۇنداق يامان ۋەزىيەتتە، بۇ كىچىك بازاردا ئادەم يېگۈدەك ھېچنەرسە قالمىغانىدى. ئابدۇنىيازنىڭ بۇنىڭدىن بېشى قېتىپ تۇرغاندا، شىڭ شىسەينىڭ بەش ئايروپىلانى كېلىپ ئاۋاتنى شىددەت بىلەن بومباردىمان قىلغىلى تۇردى. ئاستىدا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە ھۇجۇم قىلىپ، بىر سائەت ئىچىدە ئاۋات بازىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا

ئابدۇنىياز چېكىنىپ تۆۋەنكى دولان مەھەللىسى بىلەن غوروچۆل تەرەپكە ماڭدى. ئۈستىدىن ئايروپىلان ئۈزلۈكسىز بومباردىمان قىلىپ پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئارقىسىدىن قوغلىماقتا ئىدى. ئابدۇنىياز غوروچۆل قىياقتۇدۇق كەنتىدە بىر ئاخشام قونۇپ ئارام ئېلىپ، ئەتىسى ئاقسۇدىن ئايروپىلان كېلىشتىن ئىلگىرى يولغا چىقىپ، غوروچۆل بازىرىدىن تەمىنات ھازىرلاپ، شۇ كۈنى ياۋېشى مەھەللىسى بىلەن يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ خوتەن دەرياسىنىڭ «تا» دېگەن جايىغا بارغاندا شېڭ شىسەينىڭ ئاۋاتتىن قوغلاپ بارغان ۋە ئارقا يول بىلەن كۇچادىن كېلىپ يول توسۇپ تۇرغان ئاتلىق ھەم پىيادە قوشۇنلىرى ۋە تەسلىم بولغانلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، قارشى تەرەپنى تەلتۆكۈس ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپ، ئابدۇنىيازنىڭ ئازراقلا ئەسكىرى تىرىك قالدۇ. شۇ ئەسنادا ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرىنى يىغىپ: «سىلەر ئاتا ــ ئانا، خوتەن ــ بالىلىرىڭلاردىن ئايرىلىپ، ماڭا ئەگىشىپ نۇرغۇن سەرسانلىقتا قالدىڭلار، ئەمدى سىلەر ئۆز جېنىڭلارنى قوغداپ، قولۇڭلاردىكى قورالنى كۆمۈپ قويامسىلەر ياكى دەرياغا تاشلىۋېتەمسىلەر، قانداق قىلساڭلار مەيلى» دەپ، ئۆلمەي قالغان ئەسكەرلىرى ۋە ئاۋاتتىن ئارقىسىغا سېلىپ ئاپارغان ھادى ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئون نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادىمنى ئەگەشتۈرۈپ خوتەن تەرەپكە كېتىدۇ.

قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى خوتەن تەرەپكە، بەزىلىرى شاقۇر تەرەپكە يول ئالىدۇ. بەزىلىرى ئارقا يولدىن شايار تەرەپكە كېتىدۇ.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايلاردا ئابدۇنىياز ئاۋاتتىن چېكىنگەندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسىگە زەيدىن دېگەن بىر قاپقارا ئادەم باشلىق بولۇپ ئولتۇردى. ئەمما، بۇ باشلىق ئىلگىرىكى چانلىپ كەتكەن مەتنىياز جۇجاڭنىڭ قان ـ ئىزلىرىنى يۇيۇش يولىدا كوچمۇ ـ كوچا، ئايماقمۇ ـ ئايماق، مەھەللىمۇ ـ مەھەللە: «ئوغرىلارغا (ئابدۇنىيازنى دېمەكچى) مەيلى ئالۋان قويۇلۇپ مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ ئەگەشكەن ياكى ياشلىق قىلىپ نادانلىقتىن ئەگەشكەن ۋە ياكى ئىختىيارى ئەگەشكەنلەر بولسۇن، ئۇلار قايسى جايدا بولسا مۇشۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، بىزگە ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىمىز. ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلماي، باشقىلار تۇتۇۋېلىپ مەلۇم قىلسا، تۇتۇپ بەرگۈچىنى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنى بىزگە مەلۇم قىلماي يوشۇرۇپ ئۆيلىرىدە ساقلىغانلارنى جازالايمىز. ئۆزى تۇتقان قورال، مىنگەن ئاتلىرى بىلەن بىزگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، قورال تاپشۇرغانلىرىنى تارتۇقلايمىز» دەپ ئېلان چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىيازغا ئەگىشىپ جاڭگالدىن ئاتا ـ ئانىلىرىنى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى

سېغىنىپ ئاۋاتقا كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ھادى ھاجىم يەكەنگە بېرىپ بىر مالچىغا يىللىقا تۇرۇپ، سەككىز يىلدىن كېيىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا زەيدىن جۇجاڭ مۇئەللىم سىيىت زورى، بازاردىن ئىمىن ئاخۇن شاگىرزۇك، ماشىنىچى ئىسمايىل خەلپەت، ئابدۇۋايىت داموللام، ئابدۇساتتار بەگ، ئىمام نىياز ھاجى قاتارلىق 40 ئەتراپىدا كىشىنى بىر ئاخشامدىلا مەخپىي تۇتقۇن قىلىپ، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىگە ئاپىرىپ سولىدى. بۇلاردىن ئابدۇ ساتتار بەگ، تەۋەككۇل بەگ قاتارلىق بىر بۆلەك كىشىلەر تۈرمىدە ئۆلدى. ئادۇۋايىت داموللام، ئىسمايىل خەلپەت ۋە ئاۋاتلىق كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ ئۇستازى سىيىت روزى قاتارلىق بىر بۆلەكلەر شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، تۈرمىدىن بوشىنىپ ئاۋات ناھىيىسىگە يېنىپ كېلىپ يېقىن كۈنلەرگىچە ئۆمۈر ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدا
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1942- يىلدىكى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سايلام نەتىجىسى توغرىسىدا

ئەھمەد نىياز

1942 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاۋات ناھىيىسىدە «ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەئىسىنى سايلاش چوڭ يىغىنى ئېچىلغانىدى. بۇ يىغىنغا ئۈچ رايون، بازار ئىچى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىن باشلانغانلىقنى جاكارلىغاندىن كېيىنلا ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىنىڭ ھاكىمى پاك گوجىن سەھنىدە نۇتۇق سۆزلەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدىلا «مېنىڭچە ئۇيۇشما رەئىسلىكىنى دۇ كوجاڭ (شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئۇيغۇرچە ئىسمى ئابدۇراخمان، شايارلىق) ئۈستىگە ئالسا قانداق؟» دەپ نامزاتلىقنى كۆرسەتكەنىدى. يىغىنغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەر پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، جىمجىت ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر قىزغىن چاۋاك ئۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنى كۆرۈپ ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىدىن ئەمەر موللايۇپ

قاتارلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئارقىمۇ ئارقا پىكىر قىلىپ : «بىز نامزاتنى خەلقچىللىق ئۇسۇلى بىلەن تاللايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى . بۇنىڭ بىلەن كىشلەر ئارىسىدا غۇل - غۇلا باشلىنىپ كەتتى . بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن پاك ھاكىم ئوقۇتقۇچى ۋەكىلى ئەمەرموللايۇپنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا «قۇترانقۇلۇق قىلدىڭ » دەپ ئەيىبلەپ قاتتىق تىللاپ كەتتى . بۇنىڭ بىلەن 50 نەچچە ئوقۇتقۇچى نارازى بولۇپ ، يىغىندىن بىراقلا چىقىپ كەتتۇق . شۇ چىققانچە بىز ئەمەر موللايۇپنىڭ باشچىلىقىدا ھاكىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق .

بىز پىيادە بىر نەچچە سائەت يول يۈرۈپ بەشئېرىق يېزىسىنىڭ (ئەينى ۋاقىتتا بۇ يېزا ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارايتتى . ھازىر ئاۋات ناھىيىسىگە قارايدۇ .) قۇمئېرىق كەنتىگە يېتىپ بارغاندا ، پاك ھاكىم بىزنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىسمايىل بەگ ، ساقچى ئىدارىسىدىن پازىل شۇڭگەن ، ئابدۇراخمان موللا ھاجى قاتارلىق كىشلەر بەش ھارۋا بىلەن بىزگە يېتىشىپ كەلدى . ئۇلار بىزگە «سىلەر خاپا بولماڭلار ، ھاكىم سىلەر كىمنى سايلىساڭلار شۇ كىشنى رەئىس قىلىدىغان بولدى . كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا سىلەرنى تىللىغىنىغا پۇشايمان قىلدى . سىلەر قايتىپ بارساڭلار ئامما

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا ئىناۋەتنىڭلارنى قىلىپ، سىلەرگە ناماقۇل بولۇپ چاي تۇتۇپ بېرىدىغان بولدى. شۇڭا ھاكىم بىزنى سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئالايتەن ئەۋەتتى. ھارۋىغا چىقىپ ئاۋاتقا قايتىپ كېتەيلى» دەپ يالۋۇردى. ئەمما، ئەمەر موللايۇپ قاتارلىق كىشىلەر: ھاكىمنىڭ بۇنداق ھىيلە ـ مىكرىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ دېگەن ھاكىم، بىز قايتىپ بارغاندا «سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ بىزگە گۇناھ ئارتىپ تۈرمىگە تاشلاشتىن يانمايدۇ. بىز سىلەر بىلەن ئاۋاتقا قايتمايمىز، دەپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز 50 نەچچە ئوقۇغۇچى داۋاملىق ئاقسۇغا قاراپ پىيادە ئىلگىرىلىدۇق. ئۇلار قومباش يېزىسى (ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېزىسى) غىچە بىزگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قايتا ـ قايتا تەربىيە ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىز ئاۋاتقا قايتىشقا ئۇنىمىغان بولغاچقا، ئۇلار ئامالسىز ئاۋاتقا قايتىپ كەتتى.

بىز ئەتىسى سائەت 12 بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا كىردۇق. شۇ چاغدىكى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋايىت ۋاڭ بىلەن باش كاتىپ ئىسمايىل ئىبراھىم بىزنىڭ ئاۋاتتىن پىيادە كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، ئالدىمىزغا چىقىپ ئالاھىدە ھال

سورىدى. ئەمەر موللايوپ باشلىق ھەممىمىز پاڭ ھاكىمنىڭ ئاۋاتتىكى سايلامغا بوزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە شىكايەت قىلدۇق. ئىسمايىل ئىبراھىم سۆزلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ تولۇق خاتىرىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇۋايىت ۋاڭ بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى، ھازىرچە ئارام ئېلىپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتتى. كەچتە بىزنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مىڭ دوگچاۋ جۇجاڭ چاقىرتىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. بىز ۋەقەنى ئەينەن ئىنكاس قىلدۇق. ئۇ پىكرىمىزنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ھاكىم ھەقىقەتەن توغرا قىلماپتۇ. مەن ئاۋاتقا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كېيىن جاۋابىنى بېرىمەن، سىلەر ھازىرچە ياخشى ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار» دېدى.

ئەتىگىنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى لۇخەنشىڭ (خەنزۇ) ۋالىي مەھكىمىسىگە بىزنى چاقىرتىپ ھال سورىدى ۋە بىر قىسىم ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن «سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار توغرا بوپتۇ. مەن ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىمەن. سىلەر ھازىر قايتىپ تۇرۇڭلار» دەپ بىز 50 نەپەرچە ئوقۇتقۇچىغا يول كىراسى، تاماق پۇلى ۋە بىر ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بىز شۇ كۈنى ۋىلايەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن مەخسۇس هارۋىلارغا ئولتۇرۇپ،

هەم خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن هەم دەككە ـ دۈككىدە ئاۋاتقا قايتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنى ۋىلايەتتىن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئارقىمىزدىن ئاۋاتقا كېلىپ، ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلەپ قايتىپ كەتتى. 15 كۈندىن كېيىن پاك ھاكىم، ھۇسەن ھاجى قاتارلىق تۆت كىشىنى ئاۋات ساقچى ئىدارىسىدىن تۇتقۇن قىلىپ. ئاقسۇغا يالاپ ئاپىرىپ تۈرمىگە قامىدى. شۇنداق قىلىپ، دەۋادا بىز ئۇتۇپ چىقتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋاتتا ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىنى خەلقچىللىق ئۇسۇل بىلەن قايتا سايلاپ، ئابدۇراخمان موللا ھاجى ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولدى. بۇ سايلام پاك ھاكىم قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ بېشىغا چىقىپ، بىز ئوقۇغۇچىلار غەلىبە قىلدۇق.

پاك ھاكىم يوقىلىپ ئورنىغا ياك ھاكىم (ياك يەنچىك) كەلدى. مۇئاۋىن ھاكىم لوۋېنجىك ئىدى. ئادەم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، قىلمىشلىرى يەنىلا پەرقلەنمىدى، بەلكى تېخىمۇ قەبىھلەشتى.

# 1937 - يىلدىكى جەڭ مەيدانىدىن كۆرگەنلىرىم

داۋۇت ساۋۇت

( 1995 — 1910 )

1931 ـ يىل 2 ـ ئايلاردا قۇمۇل تاغلىرىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتەرگەن قوزغىلىڭى بىردىنلا گويا ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك تېز پۇرسەت ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇرۇش بىرقانچە يىلغىچە داۋاملىشىپ، ناھايىتى پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر دوست ـ دۈشمەنلەر ئارىسىدا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. قوزغىلاڭچى قوشۇندىن ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرى ئاۋاتقا كېلىپ 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بىرتەرەپتىن تۇڭگان قوشۇنلىرى بىلەن، يەنە بىرتەرەپتىن شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتتىن يالاپ ئېلىپ كەلگەن ئاق ئورۇسلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ياللانما قوشۇننىڭ بىر ئايروپىلانىنى سوقۇپ ئاۋات زېمىنىدا موللاق ئاتقۇزۇپ، كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە خېلى مەزگىل بەرداشلىق بەرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ خوتەن دەريا بويىدىكى «تا» دېگەن يېرىدە تارمار بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن غايىپ بولدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى (6 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى) ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى خەن خۇيمىڭ مېنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن ئىدىم. ئۇ ماڭا خىزمەت تاپشۇرۇپ: «ئاڭلىغان خەۋەرلىرىمىزدىن قارىغاندا تا دېگەن يەردە بىر قىسىم مالچى، ئوتۇنچىلار مىلتىق، ئوق ـ دورا قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالغانمىش. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ جايدىكى جەسەتلەر كۆمۈلمەپتۇ، قورال ـ ياراقلارمۇ شۇ پېتى ئىكەن. سىز ئادەم ئېلىپ بېرىپ ئۇرۇش رايونىنى تەكشۈرۈپ قورال ـ ياراقلارنى يىغىپ كېلىڭ» دېدى.

مەن بۇ مەزگىلدە ئاۋات ناھىيىسىدە زۇڭ شاڭيۇ ئىدىم. دەرھال قول ئاستىمدىكىلەرنى بۇيرۇپ ھەرقايسى رايونلاردىن بولۇپ 25 نەپەر ئادەم، ئالتە هارۋا تەييارلاپ، ئۆزۈم ئاتلىق شۇلار بىلەن بىرگە ئاتلىق يولغا چىقتىم. شۇ ماڭغانچە ئىككى كۈن مېڭىپ نىشانغا يېتىپ باردۇق. بۇ جاي بىلەن ئاۋات بازىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 90 ــ 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇرنى خوتەن دەرياسىنىڭ ئېقىن ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا

خۇددى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى تار جىلغىغا ئوخشايتتى. ئىككى قىرغىقى تەخمىنەن 20 — 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاتمۇ ـ قات قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى بولغان «قىزىل قۇم» دەپ ئاتىلىدىغان گىياھسىز قۇملۇققا، شەرقىي جەنۇبى «بۇلۇت قۇم» غا تۇتىشاتتى. بۇ جاي تەخمىنەن 3 ـ 4 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تەبىئىي ئېغىز ئىكەن. بىز ئات ـ ھارۋىلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، بىرنەچچە سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، بىر ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چۆچۈپ كەتتۇق. قارىساق، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە دېگەندەك بەزىلىرى ئوچۇق، بەزىلىرى قۇمغا يېرىم كۆمۈلگەن، بەزىلىرى چىرىپ ئۇستىخانلىرىلا قالغان جەسەتلەر يېتىپتۇ. قۇم ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان جەسەتلەر 300 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى كۆل رەڭ كېيىملىك ماخۇسەن قىسملىرىدىن ئىكەن. يېرىمى كۆك ماتادىن شىم، بېشىغا ئاق دوپپا كىيگەن ئابدۇنىيازنىڭ قىسملىرىدىن ئىكەن. نەق مەيداندىكى بۇ ئارىلاشما جەسەتلەرنىڭ ھالىتى، ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولماستىن، ئارىلاشما جەڭ قىلىپ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكتىن روشەن مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن تاكى بىز بارغانغا قەدەر بولغان تۆت يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئارىلىقىدا بوران ـ چاپقۇن، قۇم كۆچۈش داۋامىدا نەچچە يۈز ئادەم جەسەتلىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

بىز ئاشكارا ياتقان جەسەتلەرنى ساۋابلىق ئۈچۈن ئۆز جايىدىن يۆتكىمەيلا كۆمۈپ قويدۇق، بەزىلىرىنى يىغىپ بىر جايغا كۆمدۇق. ئاندىن كېيىن قورال‌لارنى يىغىشقا باشلىدۇق. قورال‌لاردىن باشقا يەنە ئۆلگەن ئات ـ قېچىرلارنىڭ شۇ پېتى بۇزۇلماي تۇرغان ئىگەر ـ جابدۇقلىرىمۇ تۇراتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قورالنىلا ئېلىپ كېلىش بولغاچقا، باشقا نەرسىلەر بىلەن كارىمىز بولمىدى. قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىنىڭمۇ ئوچۇق تۇرغانلىرىنىلا ئالدۇق. قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغانلىرىنى ئاختۇرمىدۇق. تۇرغان جايىمىزدىنلا 20 تال مىلتىق، 100 دىن ئارتۇق قىلىچ، نەيزە، ئىچى بوش ئوقدانلارنى ئېلىپ بولدى قىلدۇق. بۇنى ئاران ئەكەلگىلى بولاتتى. ئاختۇرساق ۋە يىراق بارساق قورال ـ ياراقلار يەنە كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى يىغساق ۋاقىتمۇ كۆپ كېتەتتى ھەم ئەكېتەلمەيتتۇق. ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ كېتىدىغان بولسا، بىزمۇ تۈگىشەتتۇق. بىزنىڭ ئۇ يەردە بىردەممۇ تۇرغىمىز كەلمەي قايتىشقا ئالدىرىشىپ، قولغا چىققانىنى ئېلىپ، قالغانىنى تاشلاپ قايتىپ كەلدۇق. ئاۋاتقا كەلگەندە ئەكەلگەن قورال ـ ياراقلارنى ھاكىم خەن خۇيمىڭغا

تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇ دەرھال ساقچى ئىدارىسىدىن مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي، ئۆلگەنلەر ئىز ـ دېرەكسىز غايىپ بولدى. ئېھتىمال، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار، قۇۋم ـ قېرىنداشلار ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمەي ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇنىياز ئاشۇ جەڭدىن كېيىن تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسنى يوقىتىپ بولۇپ، قايتىشنى خالىغانلارنى قايتىشقا رۇخسەت قىلىپ، ئۆزى 10 نەچچە ئادەملىرى بىلەن خوتەن تەرەپكە كەتكەنمىش. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى بىزگە نامەلۇم.

ئابدۇنىيازنىڭ نامى ئاۋاتتا ھازىرغىچە يىلنامە بولۇپ قالدى. بەزىلەردىن: «نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سوراپ قالسا، «ئابدۇنىياز كەلگەندە تۇغۇلغان ئىكەنمەن» دەيدۇ ۋە بەزىلەر «ئابدۇنىياز كەلگەندە مانچە ياشتا ئىدىم» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. بۇ يىلنامە بەلكى خېلى ئۇزاققىچە تارىخ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گومىنداڭنىڭ دوكەي قاتارلىق ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

توختىنىياز مەسۇم

مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدا مال بېقىپ چوڭ بولغان ئىدىم. بىر كۈنى مال بېقىپ يۈرگەن يەردە گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتىۋالدى. بۇ 1947 ـ يىلى ئىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭنىڭ ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرىدىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى « تا » دېگەن يېرىگە قۇرۇلغان ھەربىي تەمىنات پونكىتىدا ئەسكەر بولۇپ تۇردۇم. بۇ جايلار ئاۋاتتىن چىقىپ خوتەنگە بارىدىغان قاتناش يولى ئۈستىدىكى مۇقەررەر چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ ئىدى. بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ تۆت ئەتراپى چۆللۈك بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ماڭمىغىچە ئادەم بار جايغا يەتكىلى بولمايتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ سامان تۈگەپ كەتسە ئۆلمەكتىن باشقا يول تاپقىلى بولمايتتى. يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا «جىگدىلىك ئارال»، «بېدىلىك ئوتاق»، «ئات بېشى» قاتارلىق ئۆتەڭلەردىمۇ تەمىنات پونكىتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋات بىلەن خوتەننىڭ چېگرىسى بۆكسەمگە بارغىچە

يەنە بىرقانچە ئۆتەڭلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىدە ئەگەر كۆپ ئادەملەر مېڭىپ قالغۇدەك بولسا، ئاش ـ ئوزۇق، ئوت ـ سامان تېپىلمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى ھەربىي قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جايلاردىكى تەييارلىق پۇختا ئىدى. يەنە كۇچا، شاياردىنمۇ كېلىدىغان بىر يول بار بولۇپ، ئۇ يولمۇ «دوكەي» دە بىرلىشەتتى.

يۇقىرىقى جەھەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئاۋاتقا بۇيرۇق قىلىپ، ئاۋات ناھىيىسى ئارقىلىق، ئاۋات خەلقىگە ھاشار سېلىپ، ئېغىر زۇلۇملار بىلەن ھەربىي تەمىنات پونكىتلارنى سالدۇرغان ئىكەن. بۇ پونكىتلار پۈتكەندىن كېيىن ھەربىر بېكەتتە بىر ئىززۇوتتىن (پەي) ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن دوكەيدە تۇردۇم. بىر پەيدە ھەر بىر ئەسكەرگە بىردىن ئات، يېتەرلىك ئوق ـ قورااللار بار ئىدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز شۇ جايدىكى تەميناتنى قوغداشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر پونكىتتا 40 — 50 مىڭ باغ زاپاس بېدە، 1000 تاغار (بىر تاغار 120 كىلوگرام) بۇغداي ئۇنى، 500 تاغار گۈرۈچ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ياغ، گۆش، 500 تاغار ئاتقا بوغۇز قىلىدىغان قوناق كەم بولماي تۇرۇشى شەرت ئىدى. قانچىلىك سەرپ قىلسا ئورنىغا شۇنچىلىك تولۇقلاپ تۇرۇلاتتى.

ئاۋات خەلقى يىل بويى بۇ بېكەتلەرنىڭ ھاشىرىغا تۇتۇلاتتى، لەڭ (ئاشلىق) ۋە بېدە ــ سامان توشۇغۇچىلار كەم بولمايتتى.

1949 ــ يىلىغا كەلگەندە خەنزۇ ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. بىز ۋەزىيەت توغرىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۇرۇش بولىۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى. مىللىي ئەسكەرلەرگە ھەم ئۇقتۇرمايتتى. خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەنمۇ كارىمىز بولماي «زېرىكىپ كېتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ بىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق جاڭگالدا جەرەن ئېتىپ يەپ يۈرۈۋەردۇق. ئۇ جايدىن ئادەممۇ ئۆتمەس بولدى. بىزنىمۇ تاشلىۋەتتى. ھاكىمىيەت ئۆزگەرگەنلىكىنىمۇ بىلمىدۇق. مۇشۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە 1950 ــ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى دوكەيگە يېتىپ كېلىپ چۈشتى. بىز ئۇلارنى كۆرۈپ دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ قېچىش سەۋەبلىرىنى ئاندىن چۈشەندۇق. ھەربىي پونكىتتا دۈۋىلەنگەن ئوزۇق ــ تۈلۈكنى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمى يەپ ۋە زاپاس ئېلىپ مېڭىپمۇ ھېچقانچە تۈگىتەلمىدى. ئۇلار خوتەنگە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، 1950 ــ يىل 6 ــ ئايدا ئاۋاتقا قايتىپ كېلىپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. بىز

كەلگەندە ئاۋاتتا خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بولغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان ئىكەن. بىز كەلگەندىن كېيىن، شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنى ھەقىقەتكە قايتقان ھېسابلاپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بىز قايتىپ كەلگەندە ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرىدا يەنە نۇرغۇن ئاشلىقلار قېپقالغان ئىدى. بۇ ئاشلىق ـ تۈلۈكلەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاۋاتقا قايتۇرۇپ كېلىندى.

مېنىڭچە، ئاۋات خەلقى يۇقىرىقى جايلاردا ھەربىي تەمىنات پونكىتى ياساش قۇرۇلۇشى ھاشىرى بىلەن ئۇ يەرگە لەك تۇتۇش سېلىقلىرىدىن ئارتۇقراق زۇلۇم تارتىمىغان بولغىيتتى. ھاشارغا ئىشلەش، لەك توشۇشتىنمۇ، ئۇنىڭغا مەسئۇل ئەمەلدارلار ۋە باشقا كالتە ـ كۆسەيلەرنىڭ قاقتى ـ سوقتى زۇلۇملىرى بەك ئېچىنىشلىق ئىدى.

1950 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ ھەربىي تەمىنات پونكىتلىرى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايلار خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. دوكەينىڭ ئورنى ھازىرقى ۋاقىتتا خوتەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى

# ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ساقلىنىپ كەلگەن ئارخىپلىرى

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئارخىپلىرىدىن كۆپ قىسمى يوقۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاۋاتنىڭ ئەينى ۋاقتىدا يۇقىرىغا يوللىغان بىر پارچە بوز يەر ئېچىش خەرىتىسى، ئاۋات خەلقىنىڭ خېتىي، شەندۇڭ، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ قۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلغانلىق توغرىسىدىكى يۇقىرىغا يوللانغان 10 ۋاراق ئارخىپ ساقلىنىپ كەلگەن. بىز ئۇنىڭ فاكسىملى بىلەن قوشۇپ تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە تەرجىمىسىنى بەردۇق.

呈河北[illegible]捐[illegible]情形由

[illegible]

[illegible]呈為[illegible]事窃查河北山東[illegible]南湖南等省[illegible]

具各捐戶花名籍貫[illegible]仰祈

鈞鑒事[illegible]

省份適今河北山東河南湖南等省府州縣分因河水[illegible]成災[illegible]

被各縣[illegible]捐會[illegible]捐[illegible]分[illegible]行[illegible]

[illegible]本府彙總分配[illegible]等因[illegible]全[illegible]外[illegible]

[illegible]心[illegible]在喀什行政長官限文到三月內其餘各區均限文到

[illegible]月內一律[illegible]具報毋延為[illegible]令[illegible]因奉此正[illegible]

[illegible]捐款[illegible]各等因奉此[illegible]

[illegible]具花名及所捐款[illegible]三分計共捐[illegible]

[illegible]

指令

主席

副主席

首拜外理合検同清冊一本備文呈請

主席鑒核票辦施行謹呈

新疆省政府主席李
副主席和

計呈賚清冊一本

縣長司馬□□

中華民國　年　月十八日



以上十三人各捐香资银三十两

买买色并

以上一人捐香资银十四两

| | | | |
|---|---|---|---|
| 艾利子 | 吴的之 | 艾买提 | [illegible]子 |
| 艾比洪 | 木沙比 | 玉素因 | [illegible] |
| 库尔木 | 托乎提 | 木沙买提 | [illegible] |
| 阿木然巴提 | 阿不都合 | [illegible] | [illegible] |
| 阿不拉江 | 托合大 | [illegible] | [illegible] |
| 艾比卡比 | 艾则之 | [illegible] | [illegible] |
| 艾沙提 | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| 阿不都阿哈 | [illegible] | | |

以上二十人各捐香资银[illegible]

[illegible]

以上八人捐香资银[illegible]

计本城四十七人共捐香资银六百三十三两

本城庄十村各户捐银如下

| | | | |
|---|---|---|---|
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |

阿克抚縣政府謹將閱河北山東湖南等省所屬水災各[illegible]
捐款造具捐户花名及所捐款兩數目清册呈請
鑒核

計開

本城各户捐款项下

| | | | |
|---|---|---|---|
| 五守尔阿吉 | 艾買提尔力 | 阿西木 | [illegible]尔拉引 |
| 阿什木 | 吉的 | 土尔的 | 亦斯 |
| 乃買提 | 艾克木 | 以明 | 阿[illegible]木 |
| 明尔王 | 托乎的牙 | 阿布都[illegible]克 | |

買買提　買賣提　艻外可　牙牙
阿木提　奴外　肴吉　沙五猻
乳以提　太沙阿吉　是扯木　庫王
艾買提　沙五猴　子是甫　昭不阿吉
艾則之　他氘　艾五提
以上三十九人各捐省票銀一千兩
艾五提
以上二人捐省票銀八百兩
阿西木　艾買提　以上二人各捐省票銀[illegible]
計本莊屬村七十六人共捐省票銀…千…八百兩
句羅欽里屬七村各户捐款項下
買買提阿吉　八海什　求內可　八頭
艾力　買甫之　艾拉　木沙
牙合甫　艾沙　哈四木　扎合大
五受　土的可　肖西丁　毛拉
熱以木　尽以拉　尽亞西買提　阿不拉
木何買提　阿三木　買何買提　艾何買然

罗买牙之　艾力阿吉　扎手的牙阿吉、大五拉阿吉
扎手的八农　艾尖阿吉　一麻木尼牙之　沙五拉。
毛　扯　以大也拉　四的可　仍士干
扎大的　奴尔丁　大　尼　舍木西
来乃满　仍无阿吉　大五拉　明　三
他无库、　库木共
以上三十人各捐者银二千两
叔　尔
以上一人捐者银一千六百两
[illegible]尼牙[illegible]
以上六人各捐者银[illegible]
若　子
以上一人捐者银一十四百两
于土米消阿吉　胃拉尼牙之　大五拉　托合大什
古的克阿吉　一马尼牙之　艾而木　毛　沙
哈的尔　胃买拉　大五拉阿吉　然木牙
之牙五冬　胃哥的　亍合甫　扎手的
实牙之　古西阿吉　木　沙　牙米甫

丹

民國二十五年十一月十日　縣長司馬益

阿木西　麻木提　艾五　何的爾

五交爾

以上二十九各捐省票銀壹千兩

木沙　南之　買賣才之　以明

伍的力可　宜牙子　托手的　司馬一

阿不力提甫　吾木金提　特木耳　買賣特力

南去王　熱買提　以明　吳麻以

阿木提　牙手甫　馬木提　巴底

阿必之　以不拉引　沙木[illegible]

以上十三人各捐省票銀一千兩

統計力羅鋏里魯七村五十二人共捐省票銀八萬[illegible]千兩

總計以上本城及十七村共一百七十五人共捐省票銀貳拾伍萬兩

查前項捐款銀兩業如數照齊解繳

恐署崇奇轄府理合屏明

右

具

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئاۋات خەلقىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئىئانە قىلغان ماددىي ياردىمىنىڭ ھېساباتى :

مىنگونىڭ 35 - يىلى 5 - ئاي

ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن خېبېي ، شەندۇڭ ، خېنەن ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ تىزىملىكى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلىنىڭ سانى ئېنىق ستاتىستىكا قىلىندى .

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، خېبېي ، شەندۇڭ ، خېنەن ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندى . شۇ بويىچە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى يەرلىك باج ئىدارىسى ياكى بانكىنىڭ ۋەكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىش ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ ، تولۇق ستاتىستىكا قىلغاندىن كېيىن ، ھاكىمنىڭ تامغىسىنى باستۇردى . ئاندىن ، قەشقەر مەمۇرىي رايونىدا ئۈچ ئاي ئىچىدە ، باشقا ھەرقايسى رايونلاردا ئىككى ئاي ئىچىدە بىردەك بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىئانە قىلىنغان پۇلنى يۇقىرىغا

تاپشۇرۇش قارار قىلىندى.

بۇيرۇققا بىنائەن، ئاۋات ناھىيىسىدىن ئىئانە قىلىنغان پۇل جەمئىي 250 مىڭ سەر (ئۆلكە پۇلى). ھېساباتنى دوبەن مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى لى، مۇئاۋىن رەئىسى خې كۆرۈپ چىقتى.

ھاكىم ئىسمايىل (تامغا)

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

بۇيرۇق: XX - نومۇرلۇق

ئاقسۇ مەمۇرىي ئەمەلدارى خەن جاڭ
ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمايىل

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلغان پۇلى ئىنچىكە ھېسابات قىلىندى. بۇ ناھىيىنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلى 250 مىڭ سەر، بۇنى ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى خەن جاڭ ۋەكالىتەن ئېلىپ، مالىيە - پىلان مەھكىمىسىگە تاپشۇرىدۇ ھەمدە ئارخىپىنى بىر نۇسخا قالدۇرىدۇ.

بۇيرۇق: XX - نومۇرلۇق

يۇ خەنجاڭ
دەريا - ئېقىن تىزگىنلەش مەبلەغ كومىتېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمايىل باستۇرۇپ چىقىرىپ، تارماق بانكا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللايدۇ.

ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىقىدا خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ تىزىملىكى (تامغا)

بېسىشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى: شېڭ رۇيجى

سىلىشتۇرۇپ كۆرگۈچى: چېن رۇفەن

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 3 ـ ئاي (تامغا)

ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللۇقىدا خېبېي، شەندۇڭ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئاۋات ناھىيىسىدىن پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسمىلىكى ۋە ئىئانە قىلىنغان كۆمۈش سانى (تامغا):

مۇشۇ شەھەردىكى ھەرقايسى ئاھالىلەردىن ئىئانە قىلغانلار:

ھوشۇر ھاجى، ھاشىم، نەمەت، قۇربان، ئەمەت گالى، تۇردى، ھېكىم، توختىيا، ھاشىم، تۇردى، ئىمىن،

ئايۇپ باقى ، ئىبراھىم ، مۆمىن ، ھاشىم
(يۇقىرىدىكى ئون بەش ئادەمنىڭ ھەرقايسىسى 2000 سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلغان )
مەمتاۋلا
(بۇ ئادەم 1400 سەر بەرگەن )
ئېزىز ، ئەلاخۇن ، مامۇت ، ئابدۇرېشىت ، ئابلاجان ، ئەلا موللا ، ھېيت ، ئابدۇراخمان ، سىدىق ، مۇسا ، توختى ، ئابدۇراخمان ، توختى ، ئەزىز ، ناسىر ، قادىر ، ئەمەت ، ھۈسەيىن ، مۇھەممەت ، چورۇق ، ئىمىن ، مەخسۇت ، ياقۇپ ، روزى ، ئىمىن ، شىرمەت ، ياقۇپ ، روزى ، ئابدۇل ئېزىز ، ھېلىم
(يۇقىرىقى ئوتتۇز ئادەمنىڭ ھەرقايسىسى 1000 سەردىن ئۆلكە پۇلى بەرگەن )
مەتيا موللا
(بۇ ئادەم 800 سەر بەرگەن)
مۇشۇ شەھەردىكى قىرىق يەتتە ئادەم جەمئىي 62200 سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلغان.
مۇشۇ شەھەرگە قاراشلىق ئون كەنت ـ مەھەللىدىكى ئاھالىلەردىن ئىئانە قىلغانلار تۆۋەندىكىچە :
ئوسمان ، تالىپ ، مەريەم ھاجى ، مەتغازى ، يۈسۈپ ھاجى ، مەمەتئېلى ، سىدىق ، ھەسەن ھاجى ، مەمەت ھاجى ، توختى باي ، موللا ، توختى ، سۇلايمان ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

تەۋەككۇل، ئەلى ھاجى، ھېلاجى، ھىدايەت، نۇردىن، تاۋار ھاجى، مامۇت، توختىيا ھاجى، ئىمامنىياز، سىدىق، دانى، داۋۇت، داۋۇت ھاجى، ساۋۇت، ناسىر، شەمشى، قۇربان.

(يۇقىرىقى ئوتتۇز ئادەم ھەرقايسىسى 2000 سەردىن ئىئانە قىلغان)

نۇر

(بۇ ئادەم 1600 سەر ئىئانە قىلغان)

نىياز، ئىسمايىل

(بۇ ئىككى ئادەم 1500 سەردىن ئىئانە قىلغان)

روزى

(بۇ ئادەم 1400 سەر ئىئانە قىلغان)

يۇسۇپ ھاجى، سىدىق ھاجى، قادىر، زىياۋۇدىن، غىياس، مەمەت نىياز، ئىمامنىياز، مەمەت، مەمەت، يۇسۇپ ھاجى، داۋۇت، ھاشىم، داۋۇت ھاجى، ياقۇپ، مۇسا، توختاش، مۇسا، تۆمۈر، توختى، ياقۇپ، مەمەت، ھامۇت، زايىت، ئەمەت، ئەزىز، مەمەت، نۇر، مۇسا ھاجى، ساۋۇت، تاۋار، تەۋەككۇل، كەنجى، ئىسلام، يۇسۇپ، ئاۋۇت، قېيۇم، ساۋۇت، قۇربان، ناسىر ھاجى

(يۇقىرىقى ئوتتۇز توققۇز ئادەم ھەرقايسىسى 1000 سەردىن ئىئانە قىلغان)

ئاۋۇت

(بۇ ئادەم 800 سەر ئېئانە قىلغان )
ھاشىم ، ئەمەت
(بۇ ئىككى ئادەم 500 سەردىن ئېئانە قىلغان)

مۇشۇ شەھەرگە قاراشلىق كەنت ـ مەھەللىلەردىكى 76 ئادەم جەمئىي 101800 سەر ئۆلكە پۇلى ئېئانە قىلغان.

غورو چۆلدىكى يەتتە كەنتتىكى ئاھالىلەردىن ئېئانە قىلغانلار تۆۋەندىكىچە :

مەمەت ھاجى ، ئەلى ، ياقۇپ ، ھوشۇر ، رېھىم ، مۇھەممەت ، ۋارىس ، مەھپۇز ، ئەيسا ، سىدىق ، راھىلە ، ھاشىم ، چورۇق ، ئەلا ، قاسىم ، پەخىردىن ، نىياز مەمەت ، مۇھەممەت ، باتۇر ، توختى ، موللا ، ئابلا ، ئەخمەت ، ھاشىم ، ھوشۇر ، مامۇت ، ئەلى ، قادىر .
(يۇقىرىقى يىگىرمە توققۇز ئادەمنىڭ ئېئانە قىلغان پۇلى ھەرقايسىسىنىڭ 2000 سەردىن )

مۇسا ، تاتلىق ، ئابلىتىپ ، رۇستەم ، ھامۇت ، ئابلىز ، روزى ، نىياز ، شەمشىدىن ، رەخمەت ، ياقۇپ ، ئىبراھىم ، مەمەتنىياز ، توختى ، تۆمۈر ، ئىمىن ، مامۇت ساماساق ، ئىمىن ، ئىسمايىل ، مەمەتئېلى ، ئىسمايىل ، يۈسۈپ .
( يۇقىرىقى يىگىرمە ئۈچ ئادەمنىڭ ھەرقايسىسى 1000 سەردىن ئېئانە قىلغان )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غـورو چـۆل يـەتـتـە كـەنـت ـ مـەھـەلـلـىسـدىكـى 52
ئادەمنىڭ جەمئىي ئىئانە قىلغان پۇلى : 81000 سەر

مۇشـۇ شـەھەر ۋە ئون يەتتە كەنت ـ مەھەللىدىكى
175 ئادەمـنـىڭ ئومۇمىي ئىئانە قىلغان پۇلى 250 مىڭ سەر .
(تـەكـشـۈرۈشـتـىن ئىلگىرى بۇ پۇلنىڭ سانى كەم
چىقسا ، رايونلۇق مەھكىمە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئىلان قىلىدۇ .)

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ھاكىم : ئىسمايىل (تامغا)

(خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# 阿克提縣開墾荒地圖



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئامبىرى

# مىنگونىڭ 31- يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللانغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خەرىتىسىنىڭ تەرجىمىسى

(1) سەككىز ئوتاق كەنت (ئېچىلغان يەر) ، (2) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى تامتوغراقتا ئېچىلغان يەر ، (3) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ئارال كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (4) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى كۇلاس كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (5) ئايكۆل كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (6) بەشئېرىق كەنتى ، (7) سىدىق كۆۋرۈك ، (8) ئارىگەرەم كەنتى ، (9) شەھەر مەھەللىسىدە ئېچىلغان يەر ، (10) غوروچۆل شەھەر مەھەللىسى ، (11) خەلپەم كەنتى ، (12) تۇغلۇق ئالتۇن ، (13) چۇشۇرگە ، (14) ئاۋات ناھىيىسى ، (15) دولان مەھەللىسى ، (16) كەلپىن كەنتى ، (17) قاغىمۇش ، (18) قۇمباش مەھەللىسى ، (19) قۇمئېرىق مەھەللىسى (20) قىياققۇدۇق كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (21) تەتۈر مومىدا ئېچىلغان يەر ، (22) قەدىمكى ئايماق كەنتى ، (23) باغتوغراقتا ئېچىلغان يەر ، (24) ئۈچ رايون چۇشۇرگىسىدىكى ئېچىلغان يەر ، (25) قاراتال كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (26) كونا خاڭگۇڭدا ئېچىلغان يەر ، (27)

ياۋبېشى كەنتىدە ئېچىلغان يەر ، (28) تۆۋەنكى بەشئېرىق كەنتى ، (29) تۆۋەنكى دولان كەنتى ، (30) غوروچۆل بازىرى ، (31) تۆۋەنكى كەلپىن مەھەللىسى ، (32) تۆۋەنكى قۇمباش كەنتى ، (33) بوسۇغا كەنتى ، (34) ياندۇرما ئۆستىڭى ، (35) خانگىگۇك كەنتى (36) جانگگال ، (37) مۇزلۇقتا ئېچىلغان يەر ، (38) قۇدايلىقتا ئېچىلغان يەر ، (39) قىزىلدۆڭدە ئېچىلغان يەر ، (40) جانگگال ، (41) (42) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ئېچىلغان يەرلەر ، (43) مىنگونىڭ 41 ـ يىلى چېپىلغان ئۆستەڭ ، (44) (45) جانگگال ، (46) ئېچىلغان يەر ، (47) قاراتال ، (48) داۋۇزدۆڭدە ئېچىلغان يەر ، (49) قۇدايلىقتا ئېچىلغان يەر ، (50) ئاقتىكەن كۆلدە ئېچىلغان يەر ، (51) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى توپلىقنىڭ ئۆستىڭىدە ئېچىلغان يەر ، (52) ئاچىدۆڭدە ئېچىلغان يەر (سۆگەت توقاي ئۆستىڭىدىن سۇ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئاق قالغان .) ، (53) جانگگال ، (54) مىنگونىڭ 31 ـ يىلى قىيۇمدا ئېچىلغان يەر ، (55) كۆكتەيكەستىدىن تۆت مىڭ ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۆستەڭ چېپىلسا خوتەن دەرياسىغىچە ئون نەچچە مىڭ مو يەر ئاچقىلى بولىدۇ . (56) سۇغۇرۇش ئۆستىڭى ، (57) ، (58) ، (59) ، (60) ، (61) ئېچىلىدىغان يەر ، (62) خوتەن دەرياسى ، (63) يەكەن دەرياسى ، (64) مارالبېشى .

# 阿瓦提县1958年前行政区划图



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاۋات ناھىيىسىنىڭ 1958- يىلدىن بۇرۇنقى مەمۇرىي خەرىتىسى

(1) قۇمباش رايونى، (2) بەشئېرىق رايونى، (3) كونا دەريا، (4) يېڭىئېرىق رايونى، (5) ئەشمە كۆلى، (6) قۇمقۇدۇق، (7) ئاقسۇ ناھىيىسى، (8) ئۇۋژمە، (9) قاراتال رايونى، (10) ئاقسۇ ناھىيىسى، (11) تامتوغراق رايونى، (12) ئاۋات ناھىيىسى، (13) ئايكۆل رايونى، (14) ئىلەك، (15) كەلپىن، (16) باغتوغراق، (17) غوروچۆل رايونى، (18) قىزىلدۆڭ، (19) كۇلاس، (20) ئالكۆل، (21) قەشقەر دەرياسى، (22) زەرەپشان دەرياسى، (23) تارىم ئويمانلىقى، (24) تەكلىماكان قۇملۇقى، (25) خوتەن دەرياسى، (26) مارالبېشى ناھىيىسى، (27) خوتەن ناھىيىسى، (28) ئاقسۇ ناھىيىسى.

# خاتىمە

ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماترىياللار توپلىمىنى ئىشلەش خىزمىتى 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە نۆۋەت تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ۋە ئاپتورلارغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلىش بىلەن بىرنەچچە پارچە ماقالىلەر تاپشۇرۇپ ئېلىنغان بولسىمۇ، ماقالىلەر ئاز بولۇش ھەم باشقا سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، كىتابنى نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى.

1996 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىمىزنىڭ بۇ ھەقتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ماقالىلەر تەھرىرلىنىپ تۇنجى كىتابىمىز پۈتۈپ چىقتى. بۇ، ناھىيىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇشاللىنارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرىسى

زور ئىش بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قىزغىن قوللاپ كىتابىمىزنىڭ تېزراق نەشر قىلىنىپ كېتىشىگە جامائەتچىلىك بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەردى. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن «ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسمىنى نەشر قىلدۇرالىدۇق.

1 ـ قىسىم كىتابىمىزغا ماقالە قوبۇل قىلىشتا، كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ، كۆمۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئاساس قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تارىخنىڭ ھايات گۇۋاھچىلىرىغا پۇرسەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەردۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاب ئاۋاتنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىر قاتاردا، تەتقىقاتچىلارنى مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈمىزكى، ماقالىلەرنى رەتلەشتە تارىخىي چىنلىققا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، بولۇپمۇ ئەسلىمىلەردىكى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن،

يىلنامىلاردا خاتا كەتكەن جايلار يوق دېيەلمەيمىز.

شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆرۈلگەن كەمچىلىك، خاتالىقلارغا كىتابخانلارنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇپ، كىتابىمىزدىكى يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلارغا قىممەتلىك تەنقىد ـ تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى «ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى» تەھرىر ھەيئىتى

1996 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر : ئابلەت ياقۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر : مۇھەممەت ئوسمان

تېخرېداكتور : بارىجان زەپەر

مەسئۇل كوررېكتور : ئادالەت مەخسۇت

**ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى (1)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

*

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 850×1168 م م 1/32

باسما تاۋىقى : 8.875 قىستۇرما ۋارىقى : 6

1997 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

1997 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 2200 ـــ 1

بېسىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى : (97) 016

---

قاتتىق مۇقاۋىلىقى : 23.00 يۈەن

主编:阿布来提·牙合甫
责任编辑:穆罕默德·吾斯曼
技术编辑:巴力江·札帕尔
责任校对:阿达莱提·买合苏提

**阿瓦提文史资料(1)(维吾尔文)**
中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区阿瓦提县委员会　编

---

新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本
印张 8.875 插页 6
1997年5月第1版　1997年5月第1次印刷
印数:1—2200册

---

准印证:(97)016号
精装:23.00元

[illegible] [illegible]، ئىسمائىل ئىبراھىم

# ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى

1

يېيىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى (97) 016

قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 23.00 يۈەن